
مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تارىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE




MIRAS 美拉斯

# ميراس

6
2008

ISSN 1004-3829



«غېرىب ـ سەنەم» ناملىق بۇ رەسىم 1962 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي داستانلىرىدىن «غېرىب ـ سەنەم» گە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان. ئۇنى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى يېڭى يىل رەسىمى سۈپىتىدە نەشر قىلغاندى. ئەپسۇسكى ئۇ تارقىتىلماي تۇرۇپلا كۆلپەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلدى. ئۇ 1964 ـ يىلدىكى «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىستىل تۈزىتىش»تە «قارا رەسىم» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، «پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىما، نازىنىن»لار تەسۋىرلەنگەن ئەسەر قاتارىدا تەنقىد قىلىنغان ھەمدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئەسەرنى ئاپتور 1980 ـ يىلى قايتا سىزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ئەسەر بېيجىڭ، پارىژ، ئەنقەرە، ئىستانبۇل ۋە تېھران قاتارلىق شەھەرلەردە كۆرگەزمە قىلىندى.

# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال                2008 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 110 ـ سان)


## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار


چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر ......... **ئابابەكرى ئابدۇرىشىت** ( 1)

كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى .........................

........................... تەييارلىغۇچى: **ئابلىز ئورخۇن** ( 34)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇيغۇر تىلىدا ھايۋانات ناملىرى ستاتىستىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا

كۆرۈنۈشى ھەققىدە............. **دىلمۇرات مەھمۇت، بېلىقىز مەمەتنىياز** ( 15)

«تارىخىي ھەمىدى» يېزىلغان دەۋردىن بۇگۈنگىچە........................

.......................................... **ئەھەد مۇھەممەدۇللا** ( 46)

«قومۇل مۇقامى»غا ئائىت تەتقىقات توغرىسىدا... **نۇسرەت تۇردى** ( 59)


## ئادەت قېرىماس


لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا..................

................................. **مويدىن سايىت بوستان** ( 25)


## ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


كىشلىك ھاياتتىكى ئەقىل ـ پاراسەت ..........................

.................. ۋاڭ مېڭ (**شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى**) ( 31)

مۇلا(سېرىق ئۇيغۇر ئەپسانىسى)... **نۇر ئالىيە ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى** ( 76)






باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

مۇھەررىرلەر:

**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

Fax: (0991) 4554015

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 ـ 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 ـ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 60

پوچتا نومۇرى: 830001

E_mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 5.00 يۈەن

تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئەقىل دۇردانىلىرى


ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: مەھمۇت زەيدى (52)


## كەچمىش - كەچۈرمىشلەر


18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي يىپەك يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بىر شۋېتسىيىلىك خانىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ............ گۈلنار يارىرىڭ (71)


### مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى قۇتلۇقلايمىز!

مەھمۇد كاشغەرىي (مىلادى 1008 — 1105) قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تىلشۇناسى، مۇتەپەككۇرى، فولكلورشۇناسى. دۇنياغا مەشھۇر بۈيۈك قامۇس «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى.

2008 ـ يىل مەھمۇد كاشغەرىي يىلىدۇر. بۇ يىل بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىق خاتىرىسى. ب د ت پەن، مائارىپ تەشكىلاتى 2008 ـ يىلىنى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلىپ بېكىتتى. ھەر قايسى ئەللەردە «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»غا ئاتاپ تۈرلۈك شەكىللەردە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئۆتكۈزۈلدى. ئېلىمىزدىمۇ بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەسىرى بولمىش «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كە بېغىشلانغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2008 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئاتاقلىق رەسسام، جامائەت ئەربابى غازى ئەھمەد ئەپەندى 1981 ـ يىلى ئالىمنىڭ ئىش ئۇستىدىكى ھالىتىنى سىزىپ، مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرغانىدى. ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى تەرىپىدىن ساقلاشقا ئېلىپ قېلىندى. غازى ئەھمەد ئەپەندى 2005 ـ يىلى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدىكى ئۆلچەملىك پوترېتىنى ياراتتى.


Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin
Nurnisa Baki

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۈيغۇن
كوررېكتورى: ھاۋاخان ئارىپ


## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园


主编：
玉素甫·依莎克
副主编：
穆合塔尔·穆罕默德
编辑：
胡尔仙阿依·买买提明
努尔尼沙·巴克

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
传真：(0991)4554015
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern friend ship road Urumqi Xinjiang China
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standard Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax:(0991) 4554015
Price: 5 ¥

# چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر



ئابابەكرى ئابدۇرەشىت

قەشقەر ــــ ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىدا پارلىغان نۇرلۇق مەرۋايىت، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر. تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈركىي ۋە باشقا مىللەتلەر خېلى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشاپ مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك قاراخانىلار خانلىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان. قاراخانىلار سۇلالىسى ئاز كەم 400 يىل سەلتەنەت سۈرۈش جەريانىدا، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قوشنا ئەللەر مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان VI ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىك. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئۆلمەس ئەسەرنى قەشقەردە ئىجاد قىلغان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن①.

قەشقەر رايونى قەدىمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدا بولغاچقا، ئۇ يالغۇز شەرق بىلەن غەرب سودا ئىشلىرىدا مۇھىم جاي بولۇپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، دۇنيادىكى تۆرلۈك مەدەنىيەتلەر ۋە نام - ئاتاقى بار بىر قانچە چوڭ دىن بۇ زېمىندا ئۇچراشقان. شۇ تۈپەيلى چەت ئەللىك بەزى ئالىملار بۇ رايوننى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ «خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ ئاچىلى» دەپ سۈپەتلىگەن.

ۋەھالەنكى، سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خىلمۇ - خىل ئىچكى - تاشقى نىزالار ۋە چوڭ - كىچىك يېغىلىقلار تۈپەيلى، قەشقەر تارىختىكى ئۇلۇغ سەلتەنىتىنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئۇزاق تارىخىي جەريان ۋە زور بەدەللەر ئاستىدا يارىتىلغان شانلىق مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران قىلىنىپ، ئەمەلدار، بەگ - تۆرىلەر نام - ئەمەل ۋە مال - دۇنيا كويىدا تۈگىمەس جەڭگى - جېدەللەر بىلەن بەنت بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




بىكىك بىر رايون ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا يارىتىلغان پارلاق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئاستا - ئاستا قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ، ئەينى دەۋردە بارچە ئەل كىشىلىرىگە كەڭ قۇچاق ئاچقان بۇ سېخىي زېمىننىڭ قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئاۋات مەنزىرىسى يوقالغانىدى.

قەشقەر تارىخىنىڭ يۈرىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخنىڭ غېرىبلىقى، بېكىكلىكىدىن مۇستەسنا بولالمىدى. سەيياھلار كارۋانلىرى قەدىمنىڭ يېتىشى بىلەن تارىختىكى سەلتەنىتىنى يوقاتقان، ئۇنتۇلغان «قەدىمىي ماكان» — قەشقەرنى كىشىلەر قايتىدىن ئەسكە ئېلىشتى. ئاز بولمىغان سەيياھلار، تەۋەككۈلچىلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، جاھانكەزدىلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى ئارقا -ئارقىدىن بۇ مۇقەددەس زېمىنغا قەدەم باستى. قەشقەر بەزىدە تەۋەككۈلچىلەرنىڭ تەلەي سىناش مەيدانى بولسا، بەزىدە «ئەجنەبىيلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى» بولدى، يەنە بەزىدە رەقىبلەرنىڭ تىركىشىش سورۇنىغا ئايلاندى. ھەرخىل كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. چەت ئەللىك سەيياھلار بۇ دىيارنى تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى، شۇنداقلا قەشقەر ھەققىدە مۇھىم بولغان خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. سەيياھلارنىڭ قەشقەرگە كېلىشى ئەڭ دەسلەپتە ئىتالىيىلىك ساياھەتچى ماركوپولودىن باشلانغان بولسا، چوقان ۋەلىخانوف، كوروپاتكىن، روبېرت شاۋ، سۋېن ھېدىن، كاتارىن ماكارتنىي، گۇننار ياررىڭ، نوشىرۋان يائوشېف... قاتارلىقلارمۇ ئۆز مۇددىئاسى بويىچە قەشقەر سەپىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، قەشقەر تارىخى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى ۋە ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى... قاتارلىق جەھەتلەردىن خېلى ئەتراپلىق تونۇش - تەسىراتقا ئىگە بولغانىدى.

**سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى قەشقەرنىڭ بايانى**

1271 - يىلى ئىتالىيىلىك ماركوپولو ۋېنىتسىيەدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق 1275 - يىلى 5 - ئايدا قۇبلەي خاننىڭ ئوردىسى خانبالىق (بېيجىڭ) قا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بۇيەردە بىرقانچە يىللار تۇرغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى قەشقەر شەھىرى ۋە ئاھالىسىنىڭ سودا - تىجارىتى ھەققىدە مونۇلارنى يازىدۇ: «ئاخىر بىز قەشقەر (kashgar,kashcar) دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھلىق دۆلەت ئىكەن. لېكىن ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا ئېلىنىپتۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىكەن. بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەھەر - راباتلىرى ۋە قەلئە - قورغانلىرى كۆپ ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ئەڭ مۇھىم شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تىلى بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار سودا - تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، مېۋىزارلىقلىرى ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرى بار ئىكەن. كېۋەز، زىغىر ۋە كەندىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ مول ئىكەن. بۇلارنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئەمما بۇ ئەلنىڭ خەلقى پاكىزلىققا بەكمۇ رىئايە قىلمايدىغان بولغاچقا، پاسكىنىچىلىقتا بەكمۇ بىچارە ئىكەن. ئوزۇقلۇقى بەكمۇ يىرىك، ئىچىملىكلىرى بەكمۇ سۈپەتسىز



ناچار ئىكەن. ئاھالە ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن سىرت، نىستورىئان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلىدىكەن. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدىكەن[4]». مانا بۇ بۇنىڭدىن سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى بىر چەت ئەللىك نەزەرىدىكى قەشقەرنىڭ بايانى، ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تىرىكچىلىك ئەھۋالى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ كارتىنىسى.

### روسىيىلىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر

ماركوپولودىن كېيىن، پۈتكۈل ياۋروپا ئەللىرىگە ناتونۇش بولۇپ كېلىۋاتقان ئالتە شەھەردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكانىنى قايتىدىن ياۋروپاغا تونۇتقان تۇنجى ئېكسپېدىتسىيىچى چوقان ۋەلىخانوف ئىدى.

چوقان ۋەلىخانوف XIX ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيەشۇناس ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد ھەنەپى بولۇپ، چوقان ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. چوقان 18 يېشىدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، روسىيىنىڭ غەربىي سىبىر گوبېرناتورلۇقىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1856 - يىلى 5 - ئايدا چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن سېمېنوف تيانشانسكى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرىتاغنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان. 1856 - يىلى 8 - ئايدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە غۇلجىدا ئۈچ ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ «چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غۇلجا شەھىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ 1858 - يىلدىن 1859 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ۋە بۇ ھەقتىكى دۇنياغا مەشھۇر خاتىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىكى پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئىي سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئىي خوجىگان»، «تەزكىرەئىي تۇغلۇق تۆمۈرخان» ۋە «ئەبۇمۇسلىم مەرۋەزى» قاتارلىق قوليازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تاغ جىنسلىرى ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلايدۇ. چوقان قەشقەر سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كۈندىلىك خاتىرىسى بىلەن «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

چوقان تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن قەشقەرگە كەلگەن تۇنجى سەيياھ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلىنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى بىلەن نىسبەتەن تونۇش بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن قەشقەر توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭغا قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياقىدۇ، ئۇ قەشقەرنىڭ ئىقلىمىنى «ئادەمگە يېقىشلىق، سالامەتلىككە پايدىلىق، ياتلارنىمۇ يەكلىمەيدۇ. قىش پەسلى قىسقا، تۈزۈك قار ياغمايدۇ»[5] دەپ تەرىپلەيدۇ. چوقان ۋەلىخانوف ئەينى دەۋردىكى ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئىپادىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان، ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار يۇرت ناملىرى ۋە باشقا بەزى ناملار بىلەن ئاتىلىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مىللەت نامى ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «كىچىك بۇخارا (ئالتە شەھەر) نىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قومۇللۇق دېگەندەك يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ. مانجۇلار (ياكى خەنزۇلار)نى چەنتۇ ياكى قالماق، دەپ ئاتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتايدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ، خاراكتېرى ۋە رەڭگىرويىغا قارىغاندا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت»[6]. چوقان ساياھىتى جەريانىدا، ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادىمىيلىكى، كىشىلىك پەزىلىتى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ ھەم بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك قائىدە - يوسۇنلىرىنى قانچە ماختىساق ماختىغۇچىلىكى بار. مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئامبال - بەگلىرى ئۇلارنى گۇمانخور، يالغانچى، ھۇرۇن ھەم نادان دېيىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۇلارنى قورقۇنچاق، دىنى سۇس، ھەم بۇزۇق دېيىشىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com



مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق - زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. ئالتە شەھەرلىكلەر كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق، ئوچۇق - يورۇق، ئەمگەكچان ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق خەلق. ئۇلار قائىدە - يوسۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما ئالتە شەھەر بەگلىرى قائىدە - يوسۇنلارنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ»[7].

قەشقەر قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىش مەركىزى بولغانىدى. ھالبۇكى، چوقان بۇ يەرلەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ۋە ئىسلام يوسۇنلىرىنىڭ باشقا جايلار (قوقان ۋە بۇخارالار) بىلەن خېلى روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «بۇ يەردە ئىسلام دىنى يەرلىك قائىدە - يوسۇنلارغا بېقىنىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقاتقان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدا قەتئىي كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاياللار ئازادلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ»[8] دەيدۇ. چوقاننىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغان «ئاياللار ئازادلىقى» دېگەندە، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىششى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، «ئالتە شەھەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەتتا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئاياللارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. يەكەن ھاكىمبېگى ھادىنىڭ ئايالى رەھىمە 1765 - يىلى يەكەندە تۇزۇملەرنى چىڭىتىپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغان. قەشقەر ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئايالى سەكمەخان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا قازا قىلغان. ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىلەرگە بارىدۇ. بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ» [9] دەيدۇ ھەمدە ئەمەلىي مىساللارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

قەشقەرگە كەلگەن چەت ئەللىكلەر ياكى چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر دېگەن بۇ تېمىدا توختالغاندا، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيىدە ياشاپ ئۆتكەن «مەشھۇر كېڭەيمىچىلەرنىڭ بىرى»[10]، روسىيىلىك يەنە بىر سەيياھ ئا. ن. كوروپاتكىننى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەس دەپ قارايمىز. 1876 - يىلى مايدا تۈركىستاننىڭ باش ۋالىيسى، ياساۋۇل گېنېرال ۋون. كائوفمان (Von Kaufmann) ياقۇپبەگ ئىشغالىيىتىدىكى رايون بىلەن پەرغانە ئۆلكىسى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنى بېكىتىشتىن ئايرىپ بەلگىلەپ چىقىش ئۈستىدە ياقۇپبەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تۇنجى قېتىم قەشقەرىيىگە ئەۋەتىدۇ. كوروپاتكىن بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «مەن بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. مېنىڭ ئاكام، توپچى قىسمىنىڭ كاپىتانى ن. كوروپاتكىن (N.Kroopatkin) ۋە لېيتېنانت ن. ستارتسېيۋ (N.Startseff) بىلەن ئا. سونارگولوۋ (A.Soonargoolooff) لارمۇ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىقىغا بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن سىرت بىزگە ساقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەنە 15 كازاك ئەسكەر ئاجرىتىپ بېرىلدى»[11].

كوروپاتكىن گەرچە «قەشقەرىيە» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى «قەشقەرىيە» جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنى كۆرسىتەتتى، شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن كىتابتا قەشقەر نامى ئاتىلىپ بېرىلگەن بايانلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆز مۇددىئاسىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەر شەكلى، رايونلار ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ يەرلىرى شور تۇپراقلىق، پەقەت بوستانلىقلارلا مۇنبەت كېلىدۇ. قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى كەڭ قۇملۇق چۆل بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدا قۇملۇقلار ئاز. بۇ جايلاردا ئېدىرلىق شەكلىنى ئالغان قۇملۇقلارنى ئاندا - ساندا ئۇچرىتىش مۇمكىن. تاغ باغرىدىكى يەرلەر شېغىل تاشلىق سايلاردۇر»[12]. «ھەر بىر رايوندا بىردىن شەھەر ۋە نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك مەھەللىلەر بار. قەشقەر رايونىغا تەۋە يەرلەردىن سەرمەن، توققۇزاق، قورغان، قاراقىر، بەشكىرەم، ئاۋات، قىزىلبۇي، ياندۇرما، باي توقاي، قوشئاۋات، پەيزاۋات، كوپسەڭگى، تۇپراقلىق، قاراباغ، پاراچ، بوراختاي، ناچۇق، دۆلەتباغ

ۋە قىزىل دۆۋە قاتارلىقلار بار»⑬. ئۇنىڭدىن باشقا، كوروپاتكىن يازمىسىدا («قەشقەرىيە» دە) قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھەر ساھە ئەھۋالىغا ئالاقىدار خېلى كۆپ ئۇچۇرلار بار.

## تەۋەككۇلچى ئىنگلىزلار ۋە چىنباغدىكى كونسۇل خانىملىرىنىڭ قەشقەر تەسراتى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭىيىشى ۋە پامىر رايونىغا تەدرىجىي يېقىنلاپ كېلىشى ھىندىستاننى بېسىۋالغان برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق برىتانىيە ھۆكۈمىتى تارىم ئويمانلىقىغا زور تۈركۈمدىكى ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە ئۇچۇر توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتىدۇ. شۇ مەزگىللەردىكى تارىم ۋادىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىدىن ياۋروپا ئەللىرىگە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئۇچۇر بەرگۈچى ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ ۋە ئۇنىڭ قەشقەر ۋە يەكەن ھەققىدە يازغان «ئەنگلىيىلىك بىر سودىگەرنىڭ تەۋەككۇلچىلىك خاتىرىسى»⑭ دېگەن كىتابىدۇر.

1868 ـ يىلى 20 ـ سېنتەبىردە ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن ئەنگلىيىلىك چاي سودىگىرى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، لاداق رايونىدىكى لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى سىرلىق ئويمانلىق ـ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى يەركەن ۋە قەشقەرگە بېرىش ئىدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ تارىم ۋادىسىنى ئىگىلەپ، بۇ يەرلەرنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانىغا ئايلانغانىدى. روبېرت شاۋ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ياقۇپبەگ بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشىدۇ. شۇنداقلا بىر مەزگىل ئۇنىڭ نەزەربەندى ئاستىدا تۇرىدۇ.

شاۋنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى سىياسىي مۇددىئانى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ كىتابىدا ئاساسەن ياقۇپبەگ ئوردىسىدىكى ۋە سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى كۆپلەپ بايان قىلغان. قەشقەر ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ھېيت ھارپىسى ۋە قۇربان ھېيت ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ مونۇلارنى يازىدۇ: «بۈگۈن چۈشتىن كېيىن داقا ـ دۇمباق ساداسى ئىچىدە ئەتە ھېيت ئىكەنلىكى جاكارلاندى. بەزىلەر بۇ ئۆيگە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە تۇياق قوي ۋە ئىككى تۆگە ئېلىپ كېلىشتى. تەرجىمانىم بۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بىر قوچقارغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوينى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى ئالاھىدە ھۆرمەتلەش ۋە ئاسراش كېرەك ئىدى»⑮. ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈن قۇربانلىق بايرىمى، قەشقەرلىكلەر ئۇنى «ھېيت» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلغان كۈننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىندۇر. تاڭ سۈزۈلگەندە تۆت پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلدى، ئارقىدىن يەنە تۆت پاي ئېتىلدى. تەرجىمانىمنىڭ ئېيتىشىچە، 5000 ـ 6000 دەك كىشى بىر يەرگە توپلىشىپ ئىبادەت قىپتۇ، ئىبادەتكە ياقۇپبەگمۇ قاتنىشىپتۇدەك»⑯.

1869 ـ يىلى سېنتەبىرگە كەلگەندە، روبېرت شاۋ ياقۇپبەگنىڭ نەزەربەند قىلىشىدىن خالاس بولۇپ، يەكەنگە قايتىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر ھەققىدە توختىلىپ، «يەنە بىر توپ ئاياللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار بېشىغا قارا گىرۋەكلىك دوپپا كىيگەن، ئاق ياغلىق چەگگەنىدى. تۇرالغۇمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار چۈمبەلنى چۈشۈرۈپ يۈزلىرىنى يۆگەۋەتتى. مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلەر ۋە بەگ ـ تۆرىلەر ئۆتكەندە بولسا، قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ، ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم› دەپ ئەھۋال سورىدى. ئۇلار مېنىڭ ئىمانسىزلىقىمدىن ئەسلا شۈبھىلەنمىدى. ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمگە كىيىۋالغان تونۇم ۋە بېشىمغا ئورىۋالغان سەللەمگە قاراپ، تەقۋادار مۇسۇلمان دەپ تونىدى. سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، بەگلەر ئېسىل كىمخاپ تونلارنى كىيىپ، بەللىرىگە كۈمۈش زەيلىك بەلباغلارنى تاقاپ، شەمشەر ئېسىپ، مۈرىلىرىدە مىلتىق كۆتۈرۈۋالاتتى. موللىلار ئۈستىگە سىدام تون، بېشىغا يوغان سەللە كىيەتتى. ئۆتۈك كىيىۋالغان هارۋىكەشلەر خوجايىنلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئايلاندۇراتتى ياكى سۇغۇراتتى، ئۇلارنىڭ بىرىنى مىنىۋالسا، يەنە بىرىنى يېتىلىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، سەللىنى كۆزنىگىچە يۆگىگەنىدى. ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ ھارۋىكەشلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى»⑰ دەپ يازىدۇ.

شاۋدىن كېيىن قەشقەرگە كىرگەن ئەنگلىيىلىك يەنە

www.uyghurkitap.com



بىر ئېكسپېدىتسىيىچى، روبېرت شاۋنىڭ جىيەنى ياڭخازبەند بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ۋە شىزاڭنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەمەلىيەتتە ھىندىستاننىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەنگلىيىدىكى ساندخۇرست مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 19 يېشىدا ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئەنگلىيىلىكلەر ۋە روسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭ، پامىر ۋە قاراقۇرۇم ئېغىزىدىكى ھوقۇق تالىشىش ۋە كۈچ سىلىشتۇرۇش كۈرىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان كىشى.

ئۇ ئىلگىرى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، موڭغۇل دالىسى، تارىم ۋادىلىرىنى بويلاپ كەشمىرگىچە بولغان بىر قېتىملىق ئۇزۇن ۋە مۇشكۈل قۇملۇق سەپىرىنى باشتىن كەچۈرگەندى. 1890 ـ يىلى 1 ـ نويابىرغا كەلگەندە، ياڭخازبەند قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قەشقەر توغرىسىدا: «مەمۇرىي ۋەزىپەم مېنىڭ پۈتۈن بىر قىش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ»⑱ دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ مەمۇرىي ۋەزىپىسى ئامال قىلىپ ئەينى چاغدىكى روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى مەزگىلدە شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، فرانسىيىلىك رىنىسلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، شۇنداقلا ماكارتنىي، ھېندرىكس قاتارلىقلار بىلەن تونۇشىدۇ.

يېقىنقى دەۋر ئەنگلىيە تارىخىدا، بولۇپمۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك تارىخىدا قەشقەر ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئايلانغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت ھىندىستاننى بېسىۋېلىشى، چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بارغانسېرى كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۈنسېرى جەنۇبقا قىستاپ كېلىشى بۇ ئىككى كېڭەيمىچى دۆلەتنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇستەملىكە تالىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەر دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى تىركىشىش ۋە كۈچ سىلىشتۇرۇش ئورنى بولۇپ قالدى. روسىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ خاندانلىقىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئادەملىرىنى بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتمەكچى بولدى. روسىيە تەرەپ داڭلىق دىپلوماتلىرىنىڭ بىرى بولغان پېتروۋسكىينى قەشقەردىكى باش كونسۇللۇققا تەيىنلىگەن بولسا، برىتانىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ۋە شىنجاڭ ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان گېئورگىي ماكارتنىينى باش كونسۇللۇققا تاللاپ ئەۋەتىدۇ.

ماكارتنىي ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ كۆزىتىش نۇقتىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇنجى ئەمەلدار. 1890 ـ يىلى 28 ياشلىق ماكارتنىي ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان ياڭخازبەند بىلەن بىرگە قەشقەرگە كەلگەن. «ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئاشكارا ۋەزىپىسى قەشقەر ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھىندىستانغا قاراشلىق ئەنگلىيىلىك پۇقرالارنى باشقۇرۇش بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جايلاردىكى سودىگەرلەر ياكى جازانىخورلار ئىدى. ئۇنىڭ ئاشكارا قىلمايدىغان ۋەزىپىسى روسىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ پېتروۋسكىيدەك ھىيلىگەرنىڭ سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئىدى. ماكارتنىي قەشقەرگە بارغان چاغدا، ئۇ يەردە تۇرغىنىغا سەككىز يىل بولغان پېتروۋسكىي ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانىدى»⑲.

1898ـ يىلى ماكارتنىي رۇخسەت بىلەن ئەنگلىيىگە دەم ئېلىشقا بارىدۇ ھەم قايتىشىدا ئايالى كاتارىن ماكارتنىينى بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە بىز گېئورگىي ماكارتنىينىڭ قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدىن ئانچە كۆپ خەۋەردار بولمىساقمۇ، ماكارتنىي خانىمنىڭ قەشقەرگە بېغىشلاپ يازغان «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» دېگەن ئەسىرى بىزنى ئەينى دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئائىت ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ماكارتنىي خانىم قەشقەردە 17 يىل تۇرۇش جەريانىدا قەشقەر ۋە بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەر ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىكى دەسلەپكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، بازارلاردا چەت ئەل ماللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىنتايىن ئاز بايلارنىڭلا ئېسىل كىيىنگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدا توقۇلغان قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ

چاغلاردا روسىيەدە ئىشلەنگەن كۆندىلىك بۇيۇملار تېپىلمايتتى. قەنتمۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، كوچىلىرى، بازارلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ كونا پېتى تۇرغانلىقىنى ئويلىسا، ئادەمگە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كىيىنىشى، يېمەك ـ ئىچمىكى، تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئەجدادلىرىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى»⑳. ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپى توپا تام بىلەن ئورالغان ئۈچ بۇرجەكلىك بىر پارچە يەر بولۇپ، رۇس شەكلىدىكى كرېست قادالغانىدى. بۇ، روسىيىلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. قەبرىستانلىق كەينىدە قەشقەر دەرياسى ـ قىزىل دەرياسىنى كۆردۈم. دەريا بويىدا بەزىلىرى سۇ ئىچىدە، بەزىلىرى قىردا تۇرۇپ بىر مۇنچە ئات سۇ ئىچىۋاتاتتى. قىپيالىڭاچ بالىلار ياۋىداق ئاتلارغا مىنىۋالغانىدى. بۇ تۇغما يالىڭاچ بالىلار ئات ئۈستىدا قانداق ئولتۇرۇۋاتقاندۇ؟ ماڭا نىسبەتەن بۇ بىر مۆجىزە ئىدى: ئۇلار مىنگەن ئاتلىرىنىڭ بويىنغا ئارغامچا باغلىۋالغان، ئاتلار ئۇلارغا بويسۇناتتى، ئۇلار بولسا ئات ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى! دەريا بويىدا يەنە ئېشەكلەرگە ئارتىلغان سوغىلار، چېلەكلەرگە سۇ ئېلىۋاتقان ئەرلەر، ئوغۇل بالىلار بار ئىدى. ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى. قىزىل دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا بوياقچىلار بويىغان ماتالارنى دەريا سۈيىدە چايقايتتى. قىزىل رەڭدە بويالغان ماتالار چىرايلىق، ئوچۇق رەڭ ئالغانىدى. ئۇلار قارا رەڭدە ئېچىلغان لەيلىگۈلنى بوياق ماتېرىيالى قىلاتتى»㉑. مانا بۇلار شۇ دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ قىسمەن كارتىنىسى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىر قىسىم تىرىكچىلىك يوللىرىنىڭ جانلىق سۈرەتلىنىشى.

قەشقەر يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش ۋە ئۆتۈشۈش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. بۇ ھال قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ ناھايىتى روشەن بولۇپ، رۇسلار، ئىنگلىزلار، شۋېتلار ۋە باشقا مىللەتلەر بۇ يەردە ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى بازارغا سالغان ھەمدە ئىدىيە، مەپكۇرىلىرىنى تەرغىپ قىلىپ، يەرلىك خەلققە تەسىر كۆرسەتمەكچى ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان. شۇنداقلا بەزى ئەمەلىي ئۈنۈملەرگىمۇ ئېرىشكەن. ماكارتنىي خانىمنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىدىن بۇ نۇقتىنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلالايمىز: «قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مىلاد بايرىمى بولدى. بىز روسىيە كونسۇلخانىسىدىن باغاق تاپشۇرۇۋالدۇق، ئۇلار بىزنى مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلغان ئىكەن (روسىيىلىكلەرنىڭ مىلاد بايرىمى بىزدىن 13 كۈن كېيىن ئىكەن). ئۇ يەردە بىز باشقىلار بىلەن بىرگە ئارچىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق، ناخشىنى ھەركىم ئۆزىنىڭ تىلىدا ئېيتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئەتراپىمغا نەزەر سالسام، كىشىلەر رۇسچە، ئىنگلىزچە، شۋېتچە، فرانسۇزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ھىندىچە، پارسچە سۆزلىشىۋېتىپتۇ»㉒. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى، بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە تەقى ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلىمۇ بۇ كونسۇل خانىمىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى «قەشقەر كىشىلىرىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىراي ـ رۇخسارى ھەم خىلمۇخىل. ياۋروپالىقلارغا خاس ئالاھىدە بەلگىلەر ئاز ـ تولا بار. ئەر ـ ئاياللار قاۋۇل، بەستلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل ئېسىل سۈپەتلىكى چىقىپ تۇراتتى. قىرغىزلارنىڭ يۈزى ياپىلاق، مەڭزى قىپقىزىل؛ ياندىن قاراشقا ئافغانلارنىڭ يۈز كېپتى سوزۇق ۋە ئېنىق كۆرۈنەتتى؛ يەنە ھىندى دىنىدىكى ۋە مۇسۇلمان دىنىدىكى ھىندىستانلىقلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. ئالتۇن چاچلىق، دېڭىز سۈيىدەك يېشىل كۆزلۈكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار ئارىئان قېبىلىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردە كىشىلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ زادى قايسى ئىرققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە دەپ بېرەلمەيدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشى بىلەن بۇ يەردىكى ئىرقلارنىڭ شالغۇتلىشىشى خېلىلا ئېغىر. بۇ يەردىكى قىز ـ چوكانلار ناھايىتى چىرايلىق، جەزبىلىك، بەزى ئوغۇل بالىلارمۇ بەك كېلىشكەن. بولۇپمۇ ئورا كۆزرەك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل ـ قىزلار ناھايىتى گۈزەل. ئۇلار دۇخاۋا، چىت رەختلەردىن كىيىم، يارىشىملىق تۇماق، دوپپىلارنى كىيسە، ئىتالىيانلارغا ياكى ئىسپانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ» ㉓ دەپ يازىدۇ.

ماكارتنىي خانىمنىڭ قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەر توغرىسىدىكى تەسىرات ۋە تونۇشلىرىنى تولۇقى بىلەن بىرمۇبىرلەپ بايان قىلىشقا مۇمكىنچىلىكىمىز يار بەرمەيدۇ، بىراق بىز تۆۋەندىكى چوڭقۇر مەنىنى ئۆزىگە مۇجەس-

www.uyghurkitap.com



سەملىگەن قىسقىغىنە بىر قانچە جۈملە تەسىراتنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ ئۆتۈش ۋە ئۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆ-
رۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمىز: «بۇ ئادەملەرنىڭ
(قەشقەرلىكلەرنى دېمەكچى) قولىقى يۇمشاق، باشقۇرۇش
ئاسان، ئۇلارنىڭ بىرەر يامان ئىللەتلىرى يوق، ياخشى
تەرەپلىرىمۇ يوق» ㉔.

گېئورگىي ماكارتنىيدىن كېيىنمۇ ئەنگلىيىنىڭ قەش-
قەردىكى كونسۇلخانىسىغا ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە
كونسۇل كېلىپ، قەشقەردىكى روسىيىلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى
كۆزەتتى ۋە ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ
قەشقەردىكى ئىمتىيازلىرىغا كاپالەتلىك قىلدى. «ماكارتى-
نىي ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى ئەمەلدارى بولغان
بولسا، سىپتون چىنىباغدىكى كونسۇلخانىنى تاقىغۇچى
بولدى»㉕. 1947 - يىلى ھىندىستان مۇستەقىل بولدى.
ھىندىستان بىلەن پاكىستانىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئې-
رىشىپ، دۆلىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشى ئەنگلىيىنىڭ
قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ھىمايىسىز بىر ئەھۋالغا چۈ-
شۈرۈپ قويدى.

سىپتون قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتىدا خانىمى دىئاننانى-
مۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. «دىئاننا خۇددى كاتارىن بىلەن
بەسلەشكەندەك، قەلىمىنى سەپەرگە قەدەم بېسىش بىلەن
تەڭلا ئىشقا سالىدۇ. مەقسەتسىز بولسىمۇ سىپتون ئەر-
ئايال ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ماڭغاندا، پامىر، قارا-
قۇرۇم تېغى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە بېرىشتەك يېڭى
يولنى تاللىۋالىدۇ»㉖. بۇ قەدىمىي ماكانىنىڭ ۋە ئەنگلىيە
كونسۇلخانىسىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرىنى كاتارىن ئەسلە-
مە قىلغان بولسا، كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى دىئاننا يېزىپ قال-
دۇرىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋر قەشقەر كىشىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ
جانلىق كارتىنىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:
«ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ما-
كانى ئىدى. ئۆزىنى مەھكەم ئورۇۋالغان ئاياللار؛ ئۇزۇن
ساقاللىق، يۈزى سۈزۈك، كېلىشكەن ئەرلەر (ئۇلارنىڭ
تېرىسى ئادەم ھالىڭ - تالىڭ قالغۇدەك ئاق ۋە سۈزۈك
ئىدى)؛ ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرغان ئېشەكلەر؛ غە-
چىرلىغان مەپىلەر ياكى يارىيار ھارۋىلار (ئۇلارنىڭ چاقى-
نىڭ يوغانلىقى ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى)؛ چىرايلىق
توقۇلغان ئاتلار، بويىنىغا ئېسىلغان كىچىككىنە كولدۇرمە-
لار ۋە پۇلاڭلاپ تۇرغان پۆپۈكلەر؛ چاچلىرىنى نۇرغۇن
كىچىك ئۆرۈم قىلىپ ئۆرگەن دوپپا كىيگەن قىزلار ۋە
قىزچاقلار؛ ئاندا - ساندا مۇڭلۇق نەي چېلىپ ئۆتكەن
ئوغۇل باللار؛ يول بويىدا قوغۇن - تاۋۇز سېتىشىۋاتقان
باققاللار — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىپىك ئۇيغۇرلارنىڭ
كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلاتتى»㉗. بۇ بايانلار تولىمۇ ئىنى-
چىكە بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا قەش-
قەرنىڭ ئاشۇ قايناق، جۇشقۇن مەنزىرىسى نامايان بولۇپ،
خىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ئىچىدە بۇ قەدىمىي ماكانىنىڭ
ئاۋات رەستىلىرىگە قەدەم تاشلايدۇ.

دىئاننا سىپتونمۇ خۇددى كاتارىن ماكارتنىيغا
ئوخشاش ئەسرىدە قەشقەرلىكلەرنىڭ پسىخىكىسىغا دىئاگ-
نوز قويۇپ مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرنىڭ ئادەملىرى
ھۇرۇن، چېچىلاڭغۇ، ئەمما تىنچ، ئىناق ياشايدىكەن؛
ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى مۇشۇنداق ياشاپ
كەلگەن ئىكەن. ھازىر شۇنداق تىنچ ياشاۋېتىپتۇ. شۇڭا،
ئۇلاردا ئېسكىموسلاردەك جاسارەت ۋە قەيسەرلىك يوق،
پاردانلاردەك ئۇرۇشخۇمار مىجەزنىمۇ يېتىلدۈرمىگەنىدى.
ئۇلاردا تىبەتلىكلەردەك جۇشقۇنلۇق ۋە تېتىكلىك، كەش-
مىرلىكلەردەك قولى گۈل، چېۋەرلىكتىنمۇ ئەسەر يوق
ئىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھەرقانداق
بىر جايدىكى ئاددىي - ساددا كىشىلەرگە ئوخشاشلا دوستا-
نە، مېھماندوست. ئۇلار ئاددىيسى بىرەر لەتىپىنىمۇ سىز
بىلەن تەڭ بەھىر ئېلىشنى خالايتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ يال-
قاۋلىقى جانغا تېگەتتى. قىلغان ئىشىمۇ كۆڭۈلگە ياقمايتتى.
ۋەھالەنكى، ئۇلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويمىسىڭىزلا، ئۇلار
شۇنچىلىك جەلپكار، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى»㉘. بۇ
قەشقەرلىكلەرگە بېرىلگەن ئانچە ئىلمىي ۋە دەل باھا بول-
مىسىمۇ، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك دەپ تەرىپلىنىشكە مۇ-
يەسسەر بولغان غەرب دۇنياسىدىن كەلگەن بىر ئايالنىڭ
قەشقەرلىكلەر ھەققىدىكى ئىنكاسى ئىدى.

ھالاكەت دېڭىزىنى بويسۇندۇرغۇچى ھېدىن ۋە
ئۇيغۇرلارنىڭ «يارى» قەشقەردە XIX ئەسىرنىڭ ئاخى-
رى ۋە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاز بولمىغان
شۋېتلار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، مىسسىئونېرلار ئارقا - ئار-
قىدىن تارىم ۋادىسىغا، جۈملىدىن قەشقەر رايونىغا كېلىپ،
مىسسىئونېرلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۆزگەرتىش ھەرى-
كىتىنى قوزغىغان بولسا، تەۋەككۈلچى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر
تارىمنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى قاتتىق چېكىپ، تارىخ، مە-
دەنىيەت، تىل ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بەش قېتىملىق ئوتتۇرا ئا-

سىيا سەپىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، ھالاكەت دېڭىزىنى بويسۇندۇرغۇچى سۋېن ھېدىن ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

سۋېن ھېدىن 1896 - يىلى تۇنجى قېتىم سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ، ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئابدان كەنتىگە كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1934 - يىلغىچە ئىلگىر - ئاخىرى بەش قېتىم بۇ رايونغا ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى قىلدۇ. لوپنۇردىكى قەدىمىي كروران شەھەر خارابىسىنىڭ بايقىلىشى ھېدىننىڭ ئاشۇ تەۋەككۇلچىلىكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

1890 - يىلى سۋېن ھېدىن ئۈچ نەپەر خىزمەتكار ۋە روسىيە ئوفىتسېرىنىڭ ياردىمىدە بوران - چاپقۇنغا قارىماي ئوشىدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. نەچچە ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن 14 - دېكابىر قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ كۈن ھېدىن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار: «14 - دېكابىر، ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىدا خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن بولدى. بۇ كۈن ئۇ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم كېيىنكى چاغلاردا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغان مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر — قەشقەرگە يېتىپ كەلدى»㉙. سۋېن ھېدىن بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «ئۈچ كۈندىن بېرى بىز ئاقسۇدىن يولغا چىقتۇق. مۇھەممەت ئىمىن بىزگە ھەمراھ بولدى. 21 - كۈنى بىز بارماقچى بولغان جاي قەشقەر — سۇلغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم باشلىنىدىغان جاي ئىدى»㉚.

گەرچە سۋېن ھېدىننىڭ قەشقەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىك ۋە ئىزدىنىش روھى بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

قەشقەر ھەققىدە زور ئىلمىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى روياپقا چىقارغان، قەشقەر خەلقى بىلەن چوڭقۇر رىشتە ئورناتقان شۋېتسىيىلىك يەنە بىر مەشھۇر زات گۇننار ياررىڭدۇر. ئۇ 1929 - يىلى ۋە 1978 - يىلى قەشقەرگە ئىككى قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇ جەريانلاردا چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قەشقەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىل - ئەدەبىياتى قاتارلىقلارغا ئائىت بىر قانچە پارچە ئەسەر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابى قەشقەرگە بېغىشلاپ يازغان ئەسىرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەرگە ئالاقىدار ناھايىتى مول ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

گۇننار ياررىڭنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەرگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەرگە بولغان يۇكسەك ھۆرمىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىكى دەسلەپكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « 1929 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ خۇددى ھازىرقى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگە — «مىڭ بىر كېچە» نى فىلىمگە ئېلىش ئۈچۈن راسلىغان كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە يا ئاپتوموبىل، يا موتسىكلىت يوق ئىدى. ھەتتا ۋېلىسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ، تارچۇق كوچىلارنى يورۇتىدىغان ئېلېكتىر چىراغلار يوق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى. مىرزا - كاتىپلار چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قولىيازمىلارنى ئەرەب ھەرپى بىلەن رەتلىك كۆچۈرەتتى. ھەممىلا يەردە لىق سۇ قاچىلانغان تولۇم - چاناشلارنى دۈمبىسىگە ئارتىپ سۇ توشۇۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. تارچۇق كوچىلاردا ھەر مىللەت كىشىلىرى مىڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق - شالچا سېلىپ ئېگەرلەنگەن پوزۇر ئاتلارغا مىنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول ئىلكىدە پۇل - مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى، ھالبۇكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى»㉛. گۇننار ياررىڭ بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر ھېسلارغا چۆمسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قەدىمىي ماكانىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن، ھېچ كىشى تەرىپىدىن تەتقىق ۋە تەشۋىق قىلىنمىغانلىقىدىن ئېچىنىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «كىشىلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جەمئىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ. ئىلگىرى ئافغانىستاندا شۇنداق جەمئىيەت خېلى ئۇزاق مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق جەمئىيەت ھازىرقى زاماننىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا ئۇ يەردىمۇ ئاللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمكى قەشقەر ھەققىدە كىشى-

MIRAS

نى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. ئۇ يەردىكى بازارلارنى ئاشۇ تۇرمۇشنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ھاياتنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقمىغانىدى»[32].

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش بىلەن بىرگە ئەڭ چوڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى. قەشقەرلىكلەر سودىغا تولىمۇ ماھىر، چوڭ - كىچىك ھەممە يەردە مۇئەييەن سودا ئىگىسى شەكىللەنگەن بولۇپ، سودىنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ. گۇننار ياررىڭ قەشقەر بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قەشقەر بازارلىرىدىكى تار كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۇكانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۇكاندارلار خېرىدار كۈتۈپ يەرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرمايدۇ. ۋارقىراپ - جارقىرايدىغانلار كوچىلاردىكى مۇقىم دۇكىنى يوق ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى دۇكاندارلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. قەشقەر بازارلىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسى تۇراقسىز بولىدۇ، دۇكاندار خېرىدارغا شۇنداق بىر قاراپلا خېرىدارنىڭ قانداق ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دىتلاپ بولىدۇ - دە، كېيىن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان - ئاسان ئەمەسلىكىنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. مانا بۇلار مالغا دەسلەپ باھا قويۇش دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ. كەينىدىنلا يەنە بىردەم باھا تالىشىش بولىدۇ. بۇ سودىلىشۋاتقان ئىككى تەرەپنى پەيدىنپەي قىزىتىشتىكى سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت. بازاردا ھەربىر كەسىپ ۋە ھۈنەر - سەنئەتنىڭ مۇقىم ئورنى بولىدۇ. توقۇلما بۇيۇملار ۋە گىلەم بازىرىدىكى جىمجىتلىق بىلەن مىسكەر بازىرىدىكى تاراڭ - تۇرۇڭ قىلغان سادالار روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ»[33].

1978 - يىلى 9 - ئايدا گۇننار ياررىڭ قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى تەسراتى ئاۋۋالقى تەسراتى بىلەن خېلى زور پەرققە ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «مەن بۇ نۆۋەت قەشقەرگە كېلىپ، بۇنىڭ 1929 -، 1930 - يىللىرى ئېسىمدە قالغان قەشقەردىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەمما يېزا - قىشلاقلارنىڭ مەنزىرىسى ئېسىمدىكى مەنزىرە بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى.... ۋەھالەنكى، قەدىمىي كوچىلار خىيالىي تۇسكە ئايلانغان بولۇپ، قەدىمىي قەشقەرنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى ئۆزىنىڭ كونا تۈسىنى يوقاتقانىدى. كوچىلاردا بېشىغا يوغان سەللە يۆگىگەن مولللار كۆرۈنمەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، سەللىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ ياش - قۇرامىنى، ئىلمىنى ۋە مەرتىۋىسىنى بىلدۈرەتتى. ئېشەككە مىنىپ تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ‹ پوش - پوش› دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئەمدى ئاڭلانمايتتى، ئەكسىچە ئاپتوموبىللارنىڭ ‹دۈت، دۈت› قىلغان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا signal bermak (سىگنال بەرمەك) ياكى tat - tat qilmaq ( تات - تات قىلماق) دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن 50 يىل ئالدىدا بۇنداق سۆزلەر يوق ئىدى. ئىلگىرىكىدەك كۆپ تۆگىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى»[34].

گۇننار ياررىڭ قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى مائارىپى، يېزائىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ سانائىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: « بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن قەشقەردە سانائەت يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بارلىق جايلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياكى ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىناتتى ۋە ياكى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈرۈمچى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلاردىن بارلىق نەرسىلەر تۆگە كارۋىنى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەنىدى. قەشقەر تېخى مۇھىم سانائەت مەركىزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى»[35].

دەرۋەقە، گۇننار ياررىڭنىڭ قەشقەرگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچە قوليازمىسىدا فامىلىسى بولغان ‹ياررىڭ› دېگەن شۋېتچە سۆزنى ئۇيغۇرچە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: «مەن 1929 -، 1930 - يىللىرى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ۋە 1935 - يىلى سىرناگاردىكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلىرىمدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مەندىن: ھۆرمەتلىك ساھىب، سىزنىڭ ‹ياررىڭ› دېگەن ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا: — شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم ئۇيغۇرچىدۇر. مەنىسى ‹مەن سېنىڭ يارىڭلار› دېگەنلىكتۇر، — دەپ جاۋاب بەر-

گەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇلار مېنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقاندلىقىمنى چۈشەنمەي: «شۇنداقمۇ؟ تولىمۇ مەنىلىك ئىسىمكەن. تۇۋا! شۋېدىيە تەرەپتىمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىسىم قويىدىغىننى بىلمەيدىكەنمىز»، دەپ ساقاللىرىنى سىلاشقاندى. ئەمەلىيەتتە «ياررىلىك» دېگەن بۇ ئىسىم شۋېتلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كىشى ئىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرچە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، مېنىڭ بۇ فامىلەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس ھالىتىدە «سېنىڭ يارىڭ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «يارىڭ» دېگەن سۆز بىلەن دەل چۈشكەنىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەر دائىم ئويلىغىنىمدا ئىچ - ئىچىمدىن «مەن سىلەرنىڭ يارىڭلار!»، دېگۈم كېلىدۇ» ㊱ دەپ يازىدۇ.

**قېرىنداشلار نەزەرىدىكى قەشقەر**

قەشقەرگە كەلگەن سەيياھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن ياۋروپالىق، يەنە كېلىپ قەشقەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىت، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلاردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان، يەرلىكنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدا بولسۇن ياكى شۇ يەردە ياشىغۇچى خەلققە بولغان چۈشەنچىسىدە بولسۇن ھامان مەلۇم دەرىجىدىكى بىر تەرەپلىمىكتىن خالىي بولالمىدى. بىزگە يېقىن بولغان قېرىنداش مىللەتلەردىن قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش، تەتقىقاتتا بولغانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، 1858 - يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن چوقان ۋەلىخانوفتىن سىرت، پەقەتلا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەتكە كەلگەن نوشىرۋان يائۇشېفنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

نوشىرۋان يائۇشېف تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن كەلگەن سەيياھ بولغاچقا، يەرلىكتىن ئۇچۇر ئىگىلىشى ناھايىتى ئاسانغا چۈشكەن. قېيىنچىلىققا ئۇچرىمايلا جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلىگەچكە ئەينى دەۋر كىشىلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى خېلىلا ئىشەنچلىك، خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاڭ قاتلىمى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى توغرا يورۇتۇپ بېرەلىگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا سەيياھلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار بولغان مائارىپ قارىشى بىلەن قوراللانغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىگە لىللا باھا بېرىپ، قېرىنداشلىرى بولغان بۇ خەلقلەرنىڭ ئاشۇ زەئىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانىدى.

1914 - يىلى نوشىرۋان يائۇشېف دۇنيانى ساياھەت قىلىش ئىستىكىدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا سەمەرقەندتە ئۇچراشقان بىر بۇخارالىق مۇدەررىس دۇنيانى كېزىپ چىقىشنىڭ تەسلىكىنى، شۇڭا ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ. كېيىنكى يىلى 4 - ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ: «بۈگۈن (17 - ئاپرېل) قەشقەرگە يېتىپ كەلدىم. قەشقەر خەۋەرلىرىنى ئىككىنچى مەكتۇپىمدا يازىمەن. ئالتە شەھەرنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ھەر جەھەتتىن مەركىزىي ئاسىياغا ئوخشايدۇ. پەقەت مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى روسىيە ھامىيسىغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۆمۈر يوللار ياسىلىپ زامانىۋى قوراللار كەلدى. تىجارەت، زىرائەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئالتە شەھەردە بولسا پۈتۈن ئىش نۇھ زامانىدىكى پېتىچە قالغان، يارغۇنچاق بىلەن ئۇن تارتىش، لامپا ئورنىغا جىنچىراغ يېقىش، ساماۋەر ئورنىغا قوم چۆگۈن ئىشلىتىش، كوچىلاردا يالاڭئاياغ، يالاڭتۆش، كالتە يەڭ پېتى يۈرۈش، قىزلىرىنى يات مىللەتلەرگە بېرىش، ئىشسىزلىق، ھۇرۇنلۇق سەۋەبىدىن موھتاجلىقتا قېلىپ، دەرۋىشلىك، دىۋانىلىككە بېرىلىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ»㊲ دەپ يازىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف قەشقەر كوچىلىرى ۋە كوچا - كويلاردا بولۇۋاتقان سۈرەن - چوقانلارنى كۆرۈپ بۇ خەلقنىڭ نادانلىقىدىن چوڭقۇر ئېچىنىدۇ، كوچىلار ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «كوچىلىرى بەك تار ھەم تەرتىپسىز، چاڭ - تۇزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ تار ۋە چۇۋالچاق كوچىلاردا ئوتتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر، مەپىگە چەككەن قاچىرلار، ئىككى - ئۈچ كىشى مىنگىشىۋالغان ئاتلار، كارۋان تۆگىلىرى، بېلىگىچە ئوچۇق يالىڭاچ ئادەملەر، ئەر - ئايال، بالا - چاقىلار بىر - بىرى بىلەن قىستىلىشىپ

يۇرىدۇ... بۇ يەردە كوچا بويىدا سۇرەن سالغۇچىلار، بىر تىيىن ئۈچۈن كوچىنى بېشىغا كىيىپ سوقۇشقۇچىلار، قىيامەت قايىم بولغاندەك ئۇرۇشىدىغانلار بەك كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن خوتۇن ـ قىزلارمۇ چەتتە قالمايدۇ. ئاتا بالىسى ئالدىدا، بالىسى ئاتا ـ ئانىسى ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلىدۇ. بۇ ئىش بۇ يەردە ھېچقانچە ئەيىب سانالمايدۇ. ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىگە ئاچچىقلىنىپمۇ، ئويناپ كۈلۈپمۇ ھەر قىسما ئۇياتسىز سۆزلەرنى ھەددى ـ ھېسابسىز قىلىۋېرىدۇ. بۇ يەردە ئوغۇللارنى بولسۇن، قىزلارنى بولسۇن ئوقۇتۇش، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ»[38].

نوشىرۋان يائۇشېف پۈتكۈل زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئالاھىدە دىققەت نەزەرى بىلەن قاراپ ماڭىدۇ. قانداق قىلغاندا تىلىمىز بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى، مائارىپىمىزنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ ھەمدە تىل بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنىڭ ئاش بىلەن تۇزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك قويۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ بەزىدە تىلىمىزنىڭ مول ۋە ساپلىقىدىن سۆيۈنسە، بەزىدە كىشىلەرنىڭ سۆزلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئەبجەش سۆزلەپ يۈرگەنلىكىدىن ئېچىنىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «ئالتە شەھەردە كورلا، كۇچا تەرەپلەردە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۆز تىللىرىنى سۆيگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈنگەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىلىمىزنىڭ تۈزۈلۈشىگە چىنپۈتكەنىدىم. لېكىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى ئىمانىم بىراز يۇمشاپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلەر بار تۇرۇقلۇق ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىدىكەن. يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇۋاتقان بىر مەكتەپنى كۆرۈشكە بارغانىدىم. مەن كىرىشىم بىلەن بالىلارغا قاراپ ‹قومۇئا› دېدى. بالىلارنى ئوقۇتۇپ كۆرسەتتى. يېرىمى ئەرەبچە، يېرىمى پارسچە، ئازراقى ئۇيغۇرچە يېزىلغان سۆزلەرنى ئۆگىنىپتۇ. ئوقۇغان سۆزلەرنى بالىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ. نېمىشقا دېسەك، ئەرەبچە، پارسچە، ئىسست يېڭى مەكتەپكە. كونا مەدرىسە بولغان بولسىغۇ سۆزلەپ ئولتۇرۇشىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى» [39].

نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ زىيارەت خاتىرىسىدە بىزنىڭ ئەڭ دىققىتىمىزنى تارتىشقا ۋە ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك

يەنە بىر نەرسە شۇكى، ئەينى دەۋردە خەلقىمىز خۇراپاتلىققا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنكى، خۇراپىي ئىدىيىلەر ئۇلارنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر ئورناپ، ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنىدى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ نوشىرۋان مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلام ئالىمىدىكى خۇراپاتلىقلارنى سۆزلەپ، يېزىپ تۈگىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق خۇراپاتلىقلار ھەرقانداق يەردە بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماكانى ئالتە شەھەردۇر. قەيەردە بىر بۇلاق بار بولسا، ئۇ قانداقتۇر بىر ۋەلىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن ياكى ھاسىسىنىڭ ئىزىدىن پەيدا بولغان دېيىلىدۇ. قانداقلا بىر جايدا يىغىلىش بولسا، ئۇ يەردە ۋەلىلەرنىڭ كارامەتلىرى سۆزلەنمەي قالمايدۇ. ئۇلار خۇراپاتلىقتا شۇقەدەر ئۇچىغا چىققانكى، ۋەلىلەرنى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. تاغ، تاش، شامال، يامغۇر، قار، بوران دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەلىلەرنىڭ كارامىتىگە باغلاپ سۆزلەيدۇ. دېمەك، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن ئۈستۈن قويۇلىدۇ»[40]. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىللەت جەھەتتىكى يېقىنلىق نوشىرۋاننىڭ بىزدىكى ئىللەتلەرنى بايقىشى ۋە ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويۇشنى ناھايىتى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى.

### ئازاد شەھەردىكى ئەجنەبىيلەر ئاۋازى

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد قىلىنىپ، خەلقىنىڭ قاتمۇقات زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈككە ئېرىشىشى قەشقەر تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ، يېڭى قەشقەر ۋە يېڭىچە ئاڭ ـ ئىدىيىدىكى قەشقەرلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خارلىنىپ، ئېزىلىپ كەلگەن ئاق كۆڭۈل خەلق يېڭىچە ھاياتتىن بەھرىلىنىشكە باشلىدى. بۇ دەۋر چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ قەدىمىي دىيارغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ قوزغىدى. بۇنىڭغا تىپىك مىسال سۈپىتىدە ئازادلىق ھارپىسىدا قەشقەرگە كەلگەن فرانسىيىلىك ئايال سەيياھ ئاننا فىلىفنىڭ بۇ شەھەر ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئاننا فىلىف 1948 ـ يىلى نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇ يەردىن يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە كېلىدۇ. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بىر كارۋان ياللاپ قاراقۇرۇم ئارقىلىق پاكىستانغا يېتىپ بارىدۇ. ئەينى چاغدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ دەۋردىكى قەشقەر ئەھۋالى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەرنى يازىدۇ. بۇ چاغدا شىنجاڭدا ناھا-

يىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى پاكىستاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. ئاننا دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «ئاسىيا كارۋىنى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ.

ئاننا كىتابىدا قەشقەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ زېمىننى «غەربىي شىمالدىكى گۈزەل بوستانلىق»، «بىر پارچە گۆھەر» ۋە «قۇملۇق جەننىتى» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئىللىق، كۈز پەسلىنىڭ مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمگەن، كۈزدە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان باياشات، گۈزەل مەنزىرىسىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە قەدىمىي قەشقەرنىڭ خارابىلىشىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەب بولغان، قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىكنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىشى سان ـ ساناقسىز يېزا ـ كەنت، شەھەرلەرنى، بىپايان تۈزلەڭلىكلەرنى دەشتى ـ چۆللەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇم ئاستىغا غەرق بولدى. ئىران ۋە تۇران ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان يېغىلىقلار بۇ يەرنىڭ سۇ ئىنشائاتىنى ۋەيران قىلدى، قۇم دۆۋىلىرى ئۆستەڭ ـ كۆللەرگە ھۇجۇم قىلدى، خەلقنىڭ جان تومۇرى بولغان دەريا سۇلىرى ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى»[41] دەپ يازىدۇ.

ئاننىنىڭ قەلىمى ئاستىدا قەشقەردىكى يېقىنقى ھايات ۋە يېڭىچە كەيپىيات ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «شۇ چاغدا قەشقەر ئاسمىنى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، ھەممە يەر ئالتۇن رەڭ ياپراقلار ۋە قۇملار بىلەن بېزەلگەنىدى، بۇنداق رەڭدارلىقنى ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت، ھەر دەقىقە ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ تىنچ شەھەر ھەر پەيشەنبە ـــ بازار كۈنى ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى، مەسچىتلەر، قۇرۇق مەيدانلار بايرام كەيپىياتىغا چۆمەتتى. سودىگەرلەر توپ ـ توپى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپلەردىن بۇ يەرگە كېلەتتى، ئېشەك، تۆگە كارۋانلىرى قىستا ـ قىستاڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋە، پاختىلىق ۋە يىپەك بۇيۇملار، خۇشپۇراق ماتېرىياللار ۋە ئۇن، خۇرۇم ماللار، ئېگەر ۋە باشقا ئات جابدۇقلىرى، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، توخۇ، قوي، يۇڭ ۋە بۆزدىن توقۇلغان خۇرجۇن، چاي، گۈرۈچ، سەرەڭگە، تۆمۈر ئەسۋاب قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ سودىسى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ سېتىلاتتى ياكى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلاتتى، ئاياللار بېشىدىن ئايىغىغىچە يۆگەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاپان كىيىدىغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. كىشىلەر ئەڭ كۆپ يىغىلىدىغان جاي مەدداھلار ۋە ئەلنەغمىچىلەر ئولتۇرغان يەر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى چۆرىدەپ توپلىشاتتى، ياشانغانلار ۋە بالىلار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىزغىن تاماشىبىن ئىدى. ئۇلار بىر ئولتۇرغىنىچە بىر قانچە سائەتلەپ داستان ياكى ساز ئاڭلايتتى، ئاڭلىغاندىمۇ ناھايىتى بېرىلىپ، زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. بۇنداق نومۇرلاردىن بەھرىلەنگۈچىلەر ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى كەمدىن ـ كەم بولۇپ، پەقەت تەرتىپ ساقلىغۇچى خەنزۇ ساقچىلارلا ئۇ يەردە بولاتتى»[42]. مانا بۇ قەشقەردىن ئىبارەت قەدىمىي دىيارنىڭ يېڭى دەۋر ھارپىسىدىكى قايناق بازار ھاياتى ۋە تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، قەشقەر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بىر چەت ئەللىك نەزەرىدىكى تەبىئىي ئىنكاسى.

ئاننا قەشقەردىكى يېڭىچە ھايات توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا چىنباغدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ئۈسكۈنە ـ جابدۇقلار تولۇق ئىدى. ئۇ يەردە تەملىك چايلارنى ئىچكىلى، بولكىلارنى يېگىلى، مۇنچىلارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگىلى بولاتتى، ھۇجرا ئۆيلەردە قەدىمىي كىتابلار، تام مەشلىرى ۋە ئارام بەخش كرېسلولار بار ئىدى. كىشىلەر بەزىدە داللاردا ئات چاپتۇرسا، بەزىدە قەشقەرنىڭ سىرلىرىنى ئىزدەپ ئۇياق ـ بۇياققا يول ئالاتتى. خەلق كاستۇم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، ئۇچلۇق بەتىنكىلەرنى كىيىشكە باشلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرنىڭ ئاللىقاچان يېقىنقى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى»[43].

بىز چەت ئەللىك سەيياھلارنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان بايانلىرىدىن بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە بولغان تارىخىي جەريانى توغرىسىدا مەلۇم تونۇش، تەسىراتقا ئىگە بولالايمىز. كىشى ئۆز يۇرتىدىكى قارىنى ۋە ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتنى بايقاشتىن ھامان ئاجىز كېلىدۇ ھەم بىر خالىس ئەينەككە موھتاج

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغاندا، گەرچە چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى مەلۇم دەرىجىدىكى بىرتەرەپلىمىلىك ۋە خاتا چۈشەنچىدىن خالىي بولالمىسىمۇ، قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەرنى، جۈملىدىن پۈتۈن مىللىتىمىزنى، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

① لاڭ يىلڭ: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 19 -، 20 - بەتلەر.

② پرژىۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 287 - بەت.

③ ئەسەت سۇلايمان: « تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 3 - ئاي نەشرى، 3 - بەت.

④ ماركوپولو: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى 2 - ئاي نەشرى، 82 -، 83 - بەتلەر.

⑤ ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىنلەر تۈزگەن: «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1994 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 72 - بەت.

⑥ چوقان ۋەلىخانوف: «قەشقەر»، ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىنلەر تۈزگەن: «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى( خەنزۇچە)، 1994 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 74 - بەت.

⑦ چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2001 - يىل 2 - سان، 49 -، 50 - بەتلەر.

⑧يۇقىرىقى ژۇرنال، 44 - بەت.

⑨ يۇقىرىقى ژۇرنال، 50 - بەت.

⑩ ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، «نەشرىيات ئىلاۋىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى 5 - ئاي نەشرى 1 - بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، «مۇقەددىمە»، 3 - بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 5 - بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 37 - بەت

⑭罗伯特·沙敖:《一个英国商人的冒险》, 新疆人民出版社,2003年9月版

敖:《一个英国商人的冒险》, 新疆人民出版社,2003年9月版,第206页

⑮ 罗伯特·沙

⑯ 同上,第207页

⑰罗伯特·沙敖:《一个英国商人的冒险》, 新疆人民出版社,2003年9月版,第230页

⑱《丝绸之路与文明的对话》,中国中外关系史学会、暨南大学文学院 主编,新疆人民出版社 ,2007年5月版,第207页

⑲ كاتارىن ماكارتنىي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، كىرىش سۆز، 3 - بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب ، 82 - بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 38 -، 39 - بەتلەر.

㉒ كاتارىن ماكارتنىي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 57 - بەت.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 76 -، 77 - بەتلەر.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 67 - بەت.

㉕ دىئانىنا سىپتون: «قەدىمىي ماكان»، «مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 2 - بەت.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، «مۇقەددىمە»، 3 - بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب ، 204 - بەت.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 206 - بەت.

㉙ لى جۈن، دىلڭ مياۋ: «سۋېن ھېدىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى 3 - ئاي نەشرى، 22 - بەت.

㉚ سۋېن ھېدىن: «ھايات - ماماتلىق باياۋان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 118 - بەت.

㉛ گۇننار يارىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 110 -، 111 - بەتلەر.

㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 113 - بەت.

㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 114 - بەت.

㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 190 -، 191-بەتلەر.

㉟ گۇننار يارىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 213 - بەت.

㊱ ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى7 - ئاي نەشرى، 232 -، 233 - بەتلەر.

㊲ نوشىرۋان يائۇشېف: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005 - يىللىق 2 - سان، 11 - بەت.

㊳ يۇقىرىقى ژۇرنال، 16 - بەت.

㊴ يۇقىرىقى ژۇرنال، 2005 - يىللىق 4 - سان، 43 - بەت.

㊵ يۇقىرىقى ژۇرنال، 2005 - يىللىق 3 - سان، 50 - بەت.

㊶《丝绸之路与文明的对话》,中国中外关系史学会,暨南大学文学院 主编,新疆人民出版社,2007年5月版,第227页

㊷ 同上,第227页

㊸ 同上,第227页

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ 2006 - يىللىق ماگىستىرانتى)

# ئۇيغۇر تىلىدا ھايۋانات ناملىرى ستاتىستىكىسى ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە



دىلمۇرات مەھمۇت، بېلقىز مەمەتنىياز

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە 10 مىليون سۆزلۈك (ئېنىق سانى 10201994) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى UYCO$^3$ دە، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئاپتوماتىك ستاتىستىكا قىلىپ چىقىرىلغان ھايۋانات ناملىرى چاستوتىسى (كۆرۈلۈش قېتىم سانى) بىلەن ئۇيغۇر تىلى تۇراقلىق ئىبارىلىرى تېكىستلىرى ئامبىرىدىن قول بىلەن ئايرىلىپ چىقىلغان ھايۋانات ناملىرىنىڭ چاستوتىلىرى سېلىشتۇرۇلدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىندۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** UYCO$^3$، ھايۋانات ناملىرى، ستاتىستىكا، تۇراقلىق ئىبارىلەر.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھايۋانات ناملىرى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋە دۇنيا-قىممەت قاراشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھادىسە. ھايۋانات ناملىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قارىتا مىقدارلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش نۆۋەتتە ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە ئىلمىي بولغان يېڭى بىر تېمىدۇر. بۇ خىل ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئەنئەنىۋى قول بىلەن كارتا ئىشلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ۋە خىزمەت مىقدارى ئىنتايىن زور بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن تىل تېكىستلىرىنى بۇ

* بۇ تېما 2005-يىللىق دۆلەتلىك پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تۈرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىدا سۆزلۈك ستاتىستىكىسىدىن تەجرىبە خاراكتېرلىك تەتقىقات» فوندىغا ئېرىشكەن (تەستىق نومۇرى 0505CYY006).

خىل ئادەم كۈچى بىلەن ئوقۇپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئايرىپ چىقىرىلغان ستاتىستىكا نەتىجىسى، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنى مىقدارلىق ئانالىز قىلىشىمىزدا بىزنى قىممەتلىك ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مىسالەن: بەزى ھايۋانات نامىلىرىنىڭ تىل تېكىستلىرىدە كۆپ كۆرۈلۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تىل ئىشلىتىلىش ئۆرپ-ئادىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىخى قاتارلىق ئامىللار نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن بىزنى تىل تېكىستلىرىدىكى ھايۋانات ئاتالغۇلىرىنى ئاپتوماتىك ئايرىپ ئېلىپ ستاتىستىكا قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم تەجرىبىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئەڭ ئاددىي بىر مىسال ئالساق: كومپيۇتېردا ھايۋانات نامىلىرىنى ئاپتوماتىك ستاتىستىكا قىلىشتا، ئاھاڭداشلىق سەۋەبىدىن ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان سۆز شەكىللىرى بار. ھايۋانات نامىلىرىدىن «ئات، قوي» قاتارلىق سۆزلەرنى بىز تېكىستلەرنى ئوقۇغاندا كونتېكستقا تايىنىپ تۇرۇپ ئوقۇغاچقا، I ئات (ھايۋانات)، II ئات (پېئىل ئۆزىكى) IIIئات (نام، ئىسىم) قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنەلەيمىز. لېكىن كومپيۇتېردا بۇلارنى ئاپتوماتىك ستاتىستىكا قىلغاندا خۇددى ئۆزىمىز شۇ كونتېكستتا تۇرۇپ پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇغاندەك كونتېكست ئۇچۇرىنى بەرمىسەك، كومپيۇتېر شەكىلنىلا تونۇغاچقا، ئۇلارنى ئوخشاش بىر سۆز قاتارىدا ستاتىستىكا قىلىپ چىقىدۇ. يەنى، «ئات»نىڭ «مىنىدىغان ئات» بىلەن «يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئات قويماق» دېگەندەك ئوخشاش بولمىغان مەنىلىرىنى بىر سۆز قاتارىدا ستاتىستىكا قىلىپ قويىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بۇ ئىككى ھايۋانات نامىنىڭ ھەتتا بەزى تۈرلىنىش شەكىللىرى، مىسالەن: «ئاتنى، ئاتنىڭ، قويۇڭ، قويىمىز» I) ھايۋانات نامىلىرى، II پېئىل تۈرلىنىشلىرى دېگەن ئوخشاشمىغان مەنىلىرى)، «ئېتى» I) ھايۋانات، II گۆش، III نام، ئىسىم دېگەن ئوخشاشمىغان مەنىلىرى) دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتىك ئايرىپ ئېلىپ ستاتىستىكا قىلىشىمىزدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان ئەھۋاللاردۇر. شۇڭا ئادەم كۈچى ئارقىلىق قول بىلەن ستاتىستىكا قىلىش، ئۇيغۇر تىلى تېكىستلىرىدىكى ھايۋانات نامىلىرىنىڭ كېڭەيگەن كونتېكست بۆلەكلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۆز مەنىسى ۋە تۈرلۈك ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەنا جەھەتتىن ئىككى بىسلىق سۆزلەرنىڭ ئۇچۇر ئامبىرىنى قۇرۇشىمىزدا بىزنى ئالدىن مۇكەممەل بولغان تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نۆۋەتتە كومپيۇتېرنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر يوللاش ۋە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تىل-يېزىق سىستېمىلىرىمۇ كۈنسېرى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. مۇشۇ جەرياندا قولغا كەلگەن ئالدىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلېكترونلۇق تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى قۇرۇلۇشى كۆلىمىنىڭ تېز سۈرئەتتە زورىيىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ زور ھەجىمدىكى، ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇر تىلى تىل تېكىستلىرىدىن تۈزۈلگەن تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ ئاپتوماتىك ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر بىزنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولغان سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنداقتا تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى دېگەن نېمە؟ تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى (تىلكان) تېپىكلىككە ئىگە بولغان، تىل ئىشلىتىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تىل پاكىتلىرىنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئۇشبۇ تۈردىكى تىل پاكىتلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ. خەلقئارادا تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى ئاتالغۇسىنى ئىپادىلەشتە بىرلىك شەكلى ئۈچۈن، Corpus، كۆپلۈك شەكلى ئۈچۈن Corpora ئىشلىتىلىدۇ ①. تىل ماتېرىياللىرى تىلشۇناسلىققا ئائىت نەزەرىيە ۋە تەتقىقاتلار مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولغاچقا، بىز بۇ يەردە بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز.

**1. ئەۋرىشكە قىلىنىپ تاللانغان تىل تېكىستلىرى ھەققىدە**

تەتقىقات ئۈچۈن پايدىلىنىلغان ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى UYCO$^{3}$، ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئېلېكترونلۇق تېكىستلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى تۆۋەندە كۆرسىتىلدى. تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكى Mb (مېگابايت) ھۆججەتنىڭ كومپيۇتېردىكى چوڭ-كىچىكلىك مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. UYCO$^{3}$ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىنىڭ 3-قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە كېڭەيتىلگەن نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ.

---

① رۇسلان مىتكوۋ: «ئوكسفورد كومپيۇتېر تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، 2003، 2003، 449-بەت.

**1 ـ جەدۋەل. $UYCO^3$ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى**

| تۈر | Mb | % | تۈر | Mb | % |
|---|---|---|---|---|---|
| ئەدەبىي ئەسەرلەر | 38.7 | 42.36 | تەرجىمە ئەسەرلەر | 2.5 | 2.74 |
| ئاخبارات | 16.3 | 17.84 | تېبابەت | 2.42 | 2.65 |
| ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى | 7.47 | 8.18 | فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا | 2.04 | 2.23 |
| مائارىپ، مەدەنىيەت، دىن | 5.87 | 6.42 | ئىجتىمائىي تۇرمۇش | 1.81 | 1.98 |
| تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە | 4.25 | 4.65 | يېزا ئىگىلىك، پەن ـ تېخنىكا | 1.38 | 1.51 |
| تارىخىي ئەسەرلەر | 1.25 | 1.37 | قانۇن ـ ئىقتىساد | 1.33 | 1.46 |
| تەبىئىي پەن ژۇرناللىرى | 2.9 | 3.17 | ئارىلاش | 3.15 | 3.45 |

ئەسكەرتىش: Mb (مېگابايت) ھۆججەتنىڭ كومپيۇتېردىكى چوڭ ـ كىچىكلىك مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ تېكىست ئەۋرىشكىلىرى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان رومان، پوۋېست، ھېكايە، نەسر، شېئىر، داستان، قوشاق، چاقچاق، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، ئەدەبىي ئاخباراتلار، خەۋەرلەردىن باشقا يەنە شەخسلەرنىڭ زىيارەت خاتىرىسى، كۈندىلىك خاتىرە، گېزىت ـ ژۇرناللار، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ژۇرناللىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىك، قانۇن، دىن، تېبابەت، مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى$UYCO^3$تا چاستوتىسى 30 دىن يۇقىرى چىققان هايۋانات ناملىرىنىڭ ئومۇمىي چاستوتىسى 48 مىڭ 450 بولۇپ، بۇلار كومپيۇتېردا ئاپتوماتىك ستاتىستىكا قىلىنىپ ئايرىپ چىقىلدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما هالدا، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ئۇيغۇرخەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ماقال ـ تەمسىللەر لۇغىتى» ۋە قومۇل شەھەر ماقال ـ تەمسىللىرى» قاتارلىق كىتابلاردىكى ئۇيغۇر خەلق تۇراقلىق ئىبارىلىرى تېكىستلىرىدىن ئايرىلغان هايۋانات ناملىرىنىڭ ئومۇمىي چاستوتىسى 1086 بولۇپ، بۇلار 15 مىڭ 409 تۇراقلىق ئىبارە ئىچىدىن ئايرىپ تاللاپ، قول بىلەن بىرمۇبىر ساناش ئارقىلىق ستاتىستىكا قىلىپ چىقىلدى. بىز بۇلار ئىچىدىكى يۇقىرى چاستوتىلىق هايۋانات ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرما ستاتىستىكا نەتىجىسىنى تۆۋەندىكى ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە بەردۇق.

2. هايۋانات ناملىرىنىڭ تۈرلەر بويىچە سېلىشتۇرما ستاتىستىكا نەتىجىسى

1.2 هايۋانات تۈرلىرى

**2 ـ جەدۋەل. هايۋانات ناملىرى ستاتىستىكىسى**

| تۇراقلىق ئىبارىلەردىكى چاستوتىسى (قول بىلەن ئايرىلغان) | | | | $UYCO^3$ دىكى چاستوتىسى (ئاپتوماتىك ئايرىلغان) | |
|---|---|---|---|---|---|
| رەت | ئومۇمىي نام چاستوتىسى | ئايرىم تۈرلىرى | چاستوتىسى | ئومۇمىي نام چاستوتىسى | ئايرىم تۈر چاستوتىسى |
| 1 | 183 | تاي | 6 | 7424 | 89 |
| | | بايتال | 3 | | 51 |
| | | ئايغىر | 1 | | 46 |
| | | ئارغىماق | 1 | | 36 |
| 2 | 182 | كۆچۈك | 6 | 2860 | 129 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئىت | 176 | | 2731 |
| 3 | ئېشەك | 103 | تەخەي | 2 | 2183 | 24 |
| | | | ھاڭگا | 1 | | 18 |
| | | | مادا | 1 | | 9 |
| 4 | كالا | 82 | موزاي | 12 | 3172 | 215 |
| | | | ئىنەك | 10 | | 109 |
| | | | بۇقا | 6 | | 348 |
| | | | ئۆكۈز | 7 | | 177 |
| | | | ئۇي | 5 | | 20 |
| | | | سىيىر | 3 | | 36 |
| 5 | قوي | 54 | قوزا | 9 | 5062 | 500 |
| | | | قوچقار | 4 | | 120 |
| | | | پاقلان | 3 | | 186 |
| 6 | تۆگە | 51 | - | - | 1301 | - |
| 7 | بۆرە | 51 | - | - | 2303 | - |
| 8 | مۈشۈك | 50 | - | - | 725 | - |
| 9 | تۈلكە | 31 | - | - | 425 | - |
| 10 | چاشقان | 24 | - | - | 792 | - |
| 11 | ئۆچكە | 23 | ئوغلاق | 3 | 1103 | 482 |
| | | | تېكە | 2 | | 63 |
| 12 | يىلان | 21 | - | - | 989 | - |
| 13 | بېلىق | 18 | - | - | 1970 | - |
| 14 | يولۋاس | 15 | - | - | 655 | - |
| 15 | توشقان | 13 | - | - | 832 | - |
| 16 | پاقا | 12 | - | - | 327 | - |
| 17 | توڭگۇز | 12 | - | - | 201 | - |
| 18 | بۆغا | 6 | - | - | 168 | - |
| 19 | پىل | 5 | - | - | 217 | - |
| 20 | ئېيىق | 5 | - | - | 504 | - |
| 21 | قېچىر | 4 | - | - | 90 | - |
| 22 | شىر | 3 | - | - | 712 | - |
| 23 | كېرپە | 2 | - | - | 49 | - |

يۇقىرىدىكى ستاتىستىكا نەتىجىسىگە قارايدىغان بولساق، ھايۋانات ناملىرىدىن «ئات، قوي، كالا، ئىت، ئېشەك، تۆگە، بۆرە» قاتارلىقلارنىڭ چاستوتىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان ۋە ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك، چىشى، ئەركەك قاتارلىق تۈرلىرىمۇ تولۇق چىققان. بۇلارنىڭ يۇقىرى چىقىش نىسبىتىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىر مىللەت قايسى خىل ھايۋاناتلار بىلەن كۆپ ئۇچراشسا، تەبىئىي ھالدا شۇ نام شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئېغىزىدا ۋە يېزىقىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. «ئات» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانات نامى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. گەرچە ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان ئات يۈرۈش تارىخىدىن ئاساسەن قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئارىسىدا، تۇراقلىق ئىبارىلەردە ئۇنىڭ ئىزنالىرى ھازىرغىچە ساقلانغان. ئۆتمۈشتە ئات چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىپلا قالماي، ئۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن ئەڭ مۇھىم جەڭ قورالى ھېسابلىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمدىن بېرى مىللەتلەر ئارا توقۇنۇشلار كۆپ بولغان ئورۇن، شۇڭا «ئات» ئاتالغۇسىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان ھايۋانات نامى بولۇپ قېلىشى تاسادىپىي ئەمەستۇر. يۇقىرىقى ستاتىستىكىدا «ئىت» نىڭ چاستوتىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى چىققان. بۇ يەنە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. روشەنكى، قەدىمكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا بولسۇن ياكى بوستانلىق تۇرمۇشىدا بولسۇن، ئىت باشتىن ـ ئاياغ ئۇيغۇرلارنىڭ قوغدىنىش ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن. «ئېشەك» بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى، مۇھىم بولغان قاتناش قوراللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «كالا، قوي» لارنىڭ چاستوتىسىنىڭمۇ يۇقىرى چىقىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

چۆل مۇھىتىنىڭ مۇھىم قاتناش قورالى بولغان «تۆگە»نىڭ چاستوتىسىنىڭ يۇقىرى چىقىشىمۇ، مەزكۇر رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن باغلىنىشلىق. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىسىم بولسا «بۆرە». بۇ سۆزنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىشى 1000 يىللاردىن بۇرۇنقى تۇرمۇشنىڭ بىزگە قالدۇرغان مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن بىرىدۇر. «بۆرە» ئۇيغۇرنىڭ قەدىمكى تۇتېمى بولۇش سۈپىتىدە، زامانىمىزغىچە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يوقاتماي كېلىۋاتىدۇ. «شىر، ئېيىق، يولۋاس، تۈلكە، توشقان » قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىرقەدەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ چاستوتىسى «بۆرە» ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان باشقا ھايۋانات ناملىرىدىن تۆۋەن كۆرۈلگەن. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بېرى باشتىن كەچۈرگەن دالا ھاياتىنىڭ ئەستىلىكى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما شەكىللىرىدە مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ھايۋىنى بولغان «مۈشۈك»نىڭ چىقىش چاستوتىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، بۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىكى مۈشۈكنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئوڭ تاناسىپتۇر. تەبىئىيكى، مۈشۈككە ماس ھالدا چاشقاننىڭ چاستوتىسىمۇ خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ماقال ـ تەمسىللىرىدە «بېلىق» نىڭ چىقىش چاستوتىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، يەنە 18 قېتىملا كۆرۈلگەن. بۇ، ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى بېلىق بېقىش ئادىتىنىڭ ئانچە ئومۇملاشمىغانلىقى بىلەن ماس كېلىدۇ. ئەلۋەتتە كۆل ۋە دەريا بويىدا ياشىغۇچى قىسمەن ئۇيغۇرلاردىلا شۇنداق ئادەتلەر شەكىللىنەلەيدۇ خالاس. بىراق تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى UYCO[3]دا «بېلىق» نىڭ چاستوتىسى خېلى يۇقىرى يەنى 1970 قېتىم چىققان. بۇنى ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا بېلىق ئىستېمال قىلىش ئادىتىنىڭ ناھايىتى تېز شەكىللىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. «پىل» رايونىمىزغا يات بولغان ئىسسىق بەلۋاغ ھايۋىنى بولغاچقا چاستوتىسى تۆۋەن چىقىشى تەبىئىي.



2. قۇش تۇرلىرى

## 3 ـ جەدۋەل قۇشناملىرى ستاتىستىكىسى

| رەت | ئومۇمىي نام | ئومۇمىي نام چاستوتىسى | ئايرىم تۈرلىرى | چاستوتىسى | ئومۇمىي نام چاستوتىسى | ئايرىم تۈر چاستوتىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇراقلىق ئىبارىلەردىكى چاستوتىسى (قول بىلەن ئايرىلغان) | | | | | UYCO³ دىكى چاستوتىسى (ئاپتوماتىك ئايرىلغان) | |
| 1 | قۇش | 28 | | | 2476 | |
| 2 | توخۇ | 64 | چۈجە | 11 | 1900 | 260 |
| 3 | | | خوراز | 8 | | 282 |
| 4 | | | مېكىيان | 2 | | 39 |
| 5 | قاغا | 25 | | | 425 | |
| 6 | قۇشقاچ | 18 | | | 470 | |
| 7 | بۇلبۇل | 15 | | | 564 | |
| 8 | غاز | 11 | | | 280 | |
| 9 | ئۆردەك | 10 | | | 330 | |
| 10 | قارلىغاچ | 4 | | | 83 | |
| 11 | سار | 4 | | | 81 | |
| 12 | سېغىزخان | 3 | | | 52 | |
| 13 | تورغاي | 3 | | | 69 | |
| 14 | كەپتەر | 2 | | | 427 | |
| 15 | هۆپۈپ | 3 | | | 54 | |
| 16 | بۈركۈت | 2 | | | 293 | |
| 17 | كاككۇك | 1 | | | 147 | |
| 18 | ئاق قۇ | 1 | | | 33 | |
| 19 | سۇمۇرغ | 1 | | | 116 | |
| 20 | تۇمشۇق | 1 | | | 24 | |

قۇش ناملىرىنىڭ چىقىش چاستوتىسىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئۆي قۇشى «توخۇ» نامىنىڭ چىقىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى UYCO³ دە 1900 قېتىم، تۇراقلىق ئىبارىلەردە 64 قېتىم كۆرۈلگەن، قۇش تۈرىدىكىلەر ئىچىدە چاستوتىسى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە «توخۇ» ئائىلىسىدىكى «خوراز، مېكىيان، چۈجە» قاتارلىق ئەزالارنىڭ چاستوتىسمۇ بىر قەدەر يۇقىرى چىققان. بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا توخۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا «قاغا» نىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرىدۇر. بۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چۆل مۇھىتىدىكى بوستانلىق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بوستانلىقلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان باشقا ئۇچار قۇشلارنىڭ سانىمۇ خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، «ئۆردەك»، «غاز» قاتارلىقلارنىڭ چاستوتىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇشى بېقىشتا «توخۇ»غا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، «غاز، ئۆردەك»لەرنىڭ بۇ جەھەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ تەبىئىيكى سۇ نىسبەتەن كەمچىل بولغان بوستانلىق تۇرمۇشىدا كۆرۈلىدىغان يەنە بىر مۇقەررەر ھادىسە.

2.3. ھاشارات تۈرلىرى

**4 ـ جەدۋەل ھاشارات، قۇرت ناملىرى ستاتىستىكىسى**

| رەت | نامى | تۇراقلىق ئىبارىلەردىكى چاستوتىسى (قول بىلەن ئايرىلغان) | UYCO[3]دىكى چاستوتىسى (ئاپتوماتىك ئايرىلغان) |
|---|---|---|---|
| 1 | چىۋىن | 18 | 306 |
| 2 | پىت | 11 | 401 |
| 3 | قۇرت | 6 | 711 |
| 4 | بۆرگە | 2 | 20 |
| 5 | سېرىقئېشەك | 2 | 4 |
| 6 | ئۆمۈچۈك | 2 | 113 |
| 7 | ھەرە | 2 | 90 |
| 8 | كېپىنەك | 2 | 101 |
| 9 | چۈمۈلە | 1 | 303 |
| 10 | پىلە | 1 | 99 |
| 11 | قوڭغۇز | 2 | 45 |
| 12 | پەرۋانە | 2 | 149 |

مەيلى ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى UYCO[3] دا بولسۇن ياكى تۇراقلىق ئىبارىلەردە بولسۇن، ھاشارات، قۇرت ـ قوڭغۇز ناملىرىنىڭ چىقىش چاستوتىسى ۋە تۈرلىرى باشقا قۇش، ھايۋاناتلار ناملىرىغا سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەن چىققان. بۇ خىلدىكى ناملارنىڭ چاستوتىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ بىرىنچىدىن، كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، كىشىلەرنى كۆپىنچە بىزار قىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، تىل مۇھىتىدا بۇنداق ناملار ئاساسەن سەلبىي تۈستە ئىشلىتىلىدۇ. ھالبۇكى، ھاشارات ناملىرىنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى «چىۋىن، پىت، قۇرت» قاتارلىقلارنىڭ چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردە «پىت» نىڭ چاستوتىسى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ھاشارتى «پىت» سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. دېمەك، بۇمۇ ئامباردا «پىت» ئاتالغۇسىنىڭ كۆپ چىقىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب. مەسىلەن، UYCO[3] دا پەقەت «كېۋەز پىتى» ئاتالغۇسى جەمئىي 170 قېتىم كۆرۈلدى. شۇڭا بۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن باشقىچە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

**3 . تۇراقلىق ئىبارىلەردىكى ھايۋانات ناملىرىنىڭ رولى**

ئۇيغۇر تىلى تۇراقلىق ئىبارىلىرىدە ھايۋانات ناملىرىنىڭ ئۆزگىچە روللىرى بولۇپ، بەزىدە ئىجابىي، بەزىدە سەلبىي، بەزىدە نېيترال رول ئوينايدۇ. ئىجابىي رول ئوينايدىغانلاردىن «ئات، يولۋاس، شىر، بۇلبۇل» قاتارلىقلار بار. مەسىلەن:

يۈگۈرۈك ئاتقا بىر تۇمار.

ئات ئەرنىڭ قانىتى.

ئېتى يوقنىڭ جېنى يوق.

يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن.

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا.

بۇلبۇل گۈلنى سۆيەر، ھۇقۇش چۆلنى.

سەلبىي مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ھايۋانات ناملىرىدىن «ئىت، تۈلكە، بۆرە، ئېشەك، قاغا، توڭگۇز، يىلان» قاتارلىقلار بار. مەسىلەن:

نادان بىلەن گەپ تالاشقىچە، ئىت بىلەن سۆگەك



www.uyghurkitap.com





تالاش.

ئات ئۆلسە، ئىتنىڭ تويى بولىدۇ.

بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى

تۈلكە ھەرقانچە قۇۋ بولسىمۇ، قۇيرۇقىنى يوشۇرالماس

ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا كۆۋرۈكنى ئۇنتۇپتۇ.

قاغىنى باقساڭ، كۆزۈڭنى چوقۇيدۇ.

توڭگۇزنى يۇساڭمۇ توڭگۇز.

زەھەرلىك يىلاننىڭ تېرىسى يۇمشاق.

نېترال مەنىسىدە كېلىدىغانلاردىن «قوي، كالا، ئۆچكە، توخۇ، مۈشۈك، چاشقان، تۆگە، بېلىق، بۇغا، پىل، ئېيىق، قۇشقاچ، غاز، ئۆردەك، پاقا» قاتارلىقلار بار.

مىسالەن:

قوينى قاسساپ سويسۇن.

توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال.

مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.

تۆگە مىنىپ، تۆگە ئىزدەپتۇ.

ھايۋانات ناملىرىنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلەردە بىرگە ئىشلىتىلىش ئەھۋاللىرىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ھايۋان نامىنىڭ بىللە ئىشلىتىلىشى ئەڭ كۆپ.

مىسالەن:

(1) ئات ۋە ئېشەك (تۇراقلىق ئىبارىلەر ئامبىرىدا بىللە چىقىش سانى 10)

مىسالەن:

زامان بۇزۇلسا، ئاتتىن ئېشەك ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئات تاپقانىنى ئېشەك يەر.

ئاتتىن يىقىلغان يۇمشاق چۈشەر، ئېشەكتىن يىقىلغان قاتتىق.

ئاتنىڭ ئۆلۈمى ئېشەككە توي.

ئېشەكنىڭ يۈگۈرۈكى ئات بولماس.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئات» يۇقىرىقى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجابىي ئوبراز رولىنى ئالغان. «ئېشەك» بولسا سەلبىي مەنىدە، تۆۋەن ئورۇندا كەلگەن. «ئات» يەنە باشقا ھايۋانات ناملىرى بىلەنمۇ بىللە كېلەلەيدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى تەمسىللەر يۇقىرىقىدەك كۈچلۈك سېلىشتۇرمىلىققا ئىگە ئەمەس.

ئات تېپىلسا، ئوغلاق تېپىلار.

ئىت قاۋىسا، ئات قۇلىقىنى دىڭ تۇتار.

ئاتتا ئوت يوق، قۇشتا سۈت.

(2) بۆرە ۋە ئىت (تۇراقلىق ئىبارىلەر ئامبىرىدا بىللە چىقىش سانى 8)

مىسالەن:

بۆرە قېرىسىمۇ ئىتلىقى بار.

ئىتتىن قېچىپ بۆرىگە ئۇچراپتۇ.

قوتانغا بۆرە كىرسە، ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ.

ئىتنىڭ قارغىشى بۆرىگە كار قىلماس.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق تۇراقلىق ئىبارىلىرىدە بۆرە بىلەن ئىت ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولغان سەلبىي خاراكتېردىكى ئوبرازلار سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

(3) تۈلكە ۋە بۆرە ( تۇراقلىق ئىبارىلەر ئامبىرىدا بىللە چىقىش سانى 8)

مىسالەن:

تۈلكە بۆرىنى ئالداپتۇ.

بىر تۈلكە يەتتە بۆرىنى يېتەكلەر.

بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھەجايىغىنى يامان.

تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار، بۆرە ھوشۇقىدىن.

تەبىئىكى، ھېلىگەرلىككە ئائىت تەمسىللەر ئىچىدە تۈلكە ئەڭ ئاساسلىق نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە باشقا جانىۋارلار بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. يەنە مىسالەن:

ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن، تۈلكە تورغا چىقىۋاپتۇ (بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ بىللە ئىشلىتىلىشى بىرلا قېتىم كۆرۈلگەچكە ئايرىم تورغا ئايرىپ كۆرسىتىلمىدى.)

(4) بۆرە ۋە قوي ( تۇراقلىق ئىبارىلەر ئامبىرىدا بىللە چىقىش سانى 6)

مىسالەن:

بۆرە قوي تېرىسىگە ئورۇنىۋالسىمۇ، بەربىر بۆرە.

قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق.

بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ناھايىتى روشەن ھالدا كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق ۋە دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(5) مۈشۈك ۋە چاشقان ( تۇراقلىق ئىبارىلەر ئامبىرىدا بىللە چىقىش سانى 11)

مىسالەن:

مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.

روشەنكى، ئۆزئارا رەقىبلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ بىللە ئىشلىتىلىشمۇ خېلى كۆپ. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق ۋە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان تۇرمۇشىنىڭ بىر مۇھىم ئىزناسىدۇر.

(6) قوي ۋە ئۆچكە ( تۇراقلىق ئىبارىلەر ئامبىرىدا بىللە چىقىش سانى 3).

مىسالەن:

ئۆچكىنىڭ ھەمىشە ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ بىر قېتىم ئېچىلىپ قالسا ھايت ـ ھۇيت.

ئۆچكە ئارىسىدا يالغۇز قوي ئاچلىقتىن ئۆلەر.

ئۆچكە تۇغماي تۇرۇپ، قويغا ئانا بوپتۇ.

يۇقىرىقى تەمسىللەر بىر خىل مەنىلىك سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۆچكە بىلەن قوينىڭ ئۆزئارا رەقىب بولۇشتەك ئوبرازى ئۇيغۇر خەلق تۇراقلىق ئىبارىلىرىدە ئىنتايىن ئوبرازلىق ئەكس ئېتىدۇ. بىز دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە ئورتاق مەۋجۇت بولغان ھەم ئوخشىشىپ قالىدىغان سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە يولۋاس، شىر، بۆرە، ئىت، تۈلكە، قوي قاتارلىق ھايۋاناتلاردىن كۆرە، قوي بىلەن ئۆچكىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ يۇقىرىقىدەك سىمۋوللۇق مەنىدە ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ئەھۋالدۇر. گەرچە ئۆچكە قويغا ئوخشاش ياۋاش جانىۋار بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلار ئۇنى جاھىل، تەرسا، تاش يۈرەك بولۇشتەك سەلبىي خاراكتېردە ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇشبۇ ھايۋاننىڭ تەبىئىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە، قوينىڭ ياۋاش، ئەدەپلىك، ئاق كۆڭۈل، ساددا ياكى ئەخمەق كىشىلەرنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىشى ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، دۇنيادىكى نۇرغۇن باشقا خەلقلەردىمۇ ئورتاقتۇر. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزئارا دۈشمەنلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئوبرازلاردىن، مۈشۈك بىلەن قۇش، بۆركۈت بىلەن چۈجە قاتارلىقلارمۇ بار. تۇراقلىق ئىبارىلەردە يەنە ئۆزئارا دۈشمەنلىك خاراكتېرىنى ئىپادىلىمەيدىغان، پەقەت خاراكتېرلارنى سېلىشتۇرۇش مەنىسىدىلا كېلىدىغان ناملارمۇ بار. بۇلار ئات بىلەن ئېشەك، توخۇ بىلەن ئۆچكە، غاز بىلەن توخۇ، قاغا بىلەن كىرپە قاتارلىقلاردۇر. مىسالەن:

توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال.

قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق.

يۇقىرىقى ھايۋانات ناملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى $UYCO^3$ دىكى جۈملىلەردە بىللە كۆرۈلۈشىنى ستاتىستىكا قىلغاندا، ئات ۋە ئېشەك (77 قېتىم)، بۆرە ۋە ئىت (66 قېتىم)، تۈلكە ۋە بۆرە (59 قېتىم)، بۆرە ۋە قوي (126 قېتىم)، مۈشۈك ۋە چاشقان (67 قېتىم)، قوي ۋە ئۆچكە (85 قېتىم) كۆرۈلگەن. بۇخىل ھايۋانات ناملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى $UYCO^3$ ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەر ئامبىرىدا يۇقىرىدىكىدەك شەكىللەردە كۆرۈلۈشتىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەسەل ـ چۆچەكلەردە يەنە جۈپ سۆز شەكىللىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم ۋاسىتىدۇر. مىسالەن:

قوي ۋە ئۆچكە، ئات ۋە ئېشەكنىڭ ئومۇمىي چاستوتىسىدا، ئۇلارنىڭ جۈپ سۆز شەكىللىرىدىن «قوي ـ ئۆچكە» (45 قېتىم)، «ئات ـ ئېشەك» (40 قېتىم) كۆرۈلگەن.

ھاشاراتلارنىڭ ۋە قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ناملىرى قولدا ئايرىلغان ئۇيغۇر تىلى تۇراقلىق بىرىكمىلىرىدە 49 قېتىم، $UYCO^3$دا 2848 قېتىم كۆرۈلدى. تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىچىدە «چىۋىن» بىلەن «پىت»نىڭ چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى كۆرۈلگەن. $UYCO^3$ دىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى چىققان. ئۇلار ھەم دائىم سەلبىي مەنىدە قوللىنىلغان. بۇ ناملار ئىچىدە پەقەت «پەرۋانە»نىڭ ئىجابىي مەنىسى بولغاندىن باشقا باشقىلىرى ئاساسەن سەلبىي ياكى نېيترال مەنىدە كېلىدۇ. مىسالەن:

چىۋىننى مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ، بېشىڭغا چىچىدۇ.

ئۆز بېشىدىنلا چىۋىن قورۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ئۆردەك بىلەن غاز ئوينار،
چۈشۈن بىلەن تاز ئوينار.
پۇچقىغا پىت چۈشۈپتۇ.
ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار،
گۈلنىڭ تىكىنى (بار).
مېۋىسىز چىناردىن تۈت ياخشى،
ھۇرۇن ئادەمدىن قۇرت (ياخشى).
كېيىنەك پەرۋانە بولماس،
ياسانچۇق مەردانە (بولماس).
چۈمۈلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەن،
قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.

خۇلاسە

يۇقىرىقى جەدۋەللەر ۋە مۇلاھىزىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى UYCO[3] ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەر تېكىستىدىن ئېلىنغان ھايۋاناتلار، قۇشلار، ھاشاراتلار ناملىرى چاستوتىسىدا چاستوتىسى يۇقىرى چىققان ناملار ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. ئادەتتە تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىدىغان بۇ تۈردىكى ناملارنىڭ چاستوتىسى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىدىمۇ، تۇراقلىق ئىبارىلەردىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى چىققان. بۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدۇ. ھايۋانات ناملىرىنىڭ ئادەتتىكى تىل مۇھىتىدا ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەردە يۇقىرىقىدەك خىلمۇخىل مىقداردا ۋە يوسۇندا ئىشلىتىلىشى بىزنى ئۆزگىچە مۇلاھىزە نۇقتىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قىسقىسى، بۇ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دۇنيا ۋە قىممەت قاراشلىرى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز بۇ تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىنى قۇرۇش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشتا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تەتقىقات باشقارمىسى، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردىمى ھەمدە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى، كەسپىي تەتقىقات ئورنى ئىلمىي ژۇرناللىرى، بىر قىسىم ئەدەبىي ژۇرناللار، سەھىيە نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا بىرقىسىم يازغۇچى ـ ئاپتورلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تىل تېكىستلىرى بىلەن تەمىنلىشى ۋە تەتقىقاتتا ئىشلىتىش رۇخسىتىگە ئېرىشتۇق. ئالىي مەكتەپلەردىكى يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن بىزنى ئۆزلىرىنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق تېكىستلىرى بىلەن تەمىنلىدى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرىمىز.

پايدىلانمىلار:


1. ئابلىز ئەمەت: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي.
2. شىنجاڭ ـ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىزاھلىق لۇغىتى»، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاي.
3. مەمتىلى سايىت: «ئۇيغۇر تىلى ماقال ـ تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي.
4. ئالىم ھىمىت، ئايگۈل تۇرسۇن: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ماقال ـ تەمسىللەر لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.
5. «قومۇل شەھەر ماقال ـ تەمسىللىرى» قومۇل شەھەرلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 1991 ـ يىل نەشرى.
6. ئاتىكەم مامۇت: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ھايۋانات، ئۇچار قۇش ناملىرىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى توغرىسىدا» «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 2 ـ سان.
7. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ 7.
8. Ruslan Mitkov: «ئوكسفورد كومپيۇتېر تىلشۇناسلىق لۇغىتى» ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى، 2004 ـ يىلى.
9. بېلىقىز مەمەتنىياز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىدا سۆزلۈك ستاتىستىكىسى قىلىشتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل، 2 ـ سان.
10. مەھمۇد قاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،( 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملىرى، كىرىش سۆز قىسمى)، 1980 ـ يىلى.
11. ش ئۇ ئا ر تىلكوم لۇغەت بۆلۈمى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى.
12. تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى ۋە تىل تەتقىقات تورى، net.xjcorpus.www
13. 冯志伟.《计算语言学基础》,商务印书馆,2001年.
14. 罗按原《电脑语言学基础》,中央民族大学出版社,1998,3
15. 黄昌宁,李涓子,《语料库语言学,》北京,商务印书馆,2002
16. Arvo Krikmann :PROVERBS ON ANIMALIDENTITY
17.2001. TYPOLOGICAL MEMOIRS, FolkloreVol



مويدىن سايىت بوستان

# لوپنورلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا

### 6. توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى

قىز ـ ئوغۇللار بالاغەتكە يەتكەندە كۆپ ھاللاردا ئالدى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى تېپىشىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىزنى خوپ كۆرگەن بولسا (خوپ كۆرۈشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىنىڭ بىرى ــ قىز ئائىلىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تولۇق بىلەمدۇ ـ يوق، چوڭلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە باشقا ئادەت تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغانمۇ ـ يوق؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى)، قىزنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزۈلەتتى. ئەلچى كىرگۈزۈشنى لوپنۇرلۇقلار «سۆز سالدۇرۇش» دەيدۇ. سېلىنغان سۆزنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەم تۇغقانلىرى قوبۇل تاپقان بولسا، ئىككىنچى قەدەمدە چانچىغ تۇگۇش (داستىخان تاشلاش) قىلىناتتى. داستىخانغا يەتتە ياكى توققۇز دانە پىشۇرۇلغان بېلىق كال-لىسى، قىزغا ئاتاپ بىر كىيىملىك تورقا چەكمە ياكى بىر كۆڭلەكلىك تورقا شايى، ئازراق تۇز سېلىپ باراتتى. بۇ ئادەتتە بىز ئاتايدىغان ھەم داستىخان تاشلاش، ھەم قىزنىڭ بېشىنى باغلاپ قويۇش بولۇپ، بۇنى لوپنۇرلۇق-لار كۆچمە مەنىدە مۇرۇللۇغ① دەيدۇ. لوپنۇر قوشاقلى-رىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ئۇزۇن بولدى كەپ قويمادىڭ چاراغا②،
گەپىڭ يوقمۇ مەندەك دىلى ياراغا.
ئىلاجىم يوق مەن يۇرۇيمەن مۇرۇللۇغ،

---

① مۇرۇللۇغ ـ ئەسلىدىكى ئىستېمال مەنىسى ھايۋانلارنى باغلاپ قويۇش.
② چارا ـ جاي نامى.

باراي دېسەم توساق تۇشتى ئاراغا.

داستىخان تاشلىنىپ ئارىدا بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى قەدەمدە قولتۇقلۇق قىلىنىپ كەلگەن. قولتۇقلۇقتا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە يەتتە ياكى توققۇز پىشۇرۇلغان بېلىق، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بىردىن ئىككى كىيىملىك تورقا چەكمەن ياكى ئانىسىغا بىر كۆڭلەكلىك تورقا شايى، كىچىك بىر خالتا تۇز سېلىپ بېرىلگەن بولسا، قىزنىڭ تويلۇقى ۋە ئاش سۈيىگە قارىتا يەتتە ياكى توققۇز، ئون (يەتمىش ياكى توقسان) بېلىق بىلەن جەرەن، كېيىك گۆشى ۋە تۈلكە، مۇلۇن، سۇلەسۇن تېرىسى، بىر - ئىككى خالتا ئۈجۈل تالقىنى، ئىككى - ئۈچ تاغار جىگدە ۋە كېمە، گۈلمە سېلىنىشلار بولغان (تورقا ـ جىگە تۈرىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك بولۇپ، دەريا، كۆل ياقىلىرىدا، نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ، پۇتاقسىز، جىگدىدىن ئىككى ھەسسە ئېگىز بولىدۇ. تالالىرى يىپەكتەك سىپتا، يۇمشاق، سىلىق. ئۇنىڭدىن توقۇلغان رەخت مەشۇت (يىپەك) رەختتەك سۈپەتلىك بولىدۇ).

چانچىق ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئارىدا بىرەر كۆڭۈلسىز گەپ ئۆتۈلۈپ ياكى باشقا بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ، توي ئىشى بۇزۇلۇپ ئوغۇل تەرەپنىڭ چانچىقنى قايتۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلسە، ئەكىرىلگەن بېلىق كاللىسى قانچە تال بولغان بولسا، شۇنچە تال خام بېلىق كاللىسى بىلەن قىزغا، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەكىرگەن مالنى، تۇزنى «قايتۇرما چانچىق» قىلىپ، مەھەللىدىكى بىرەر چوڭ ئايالغا كۆتۈرۈتۈپ يەنە بىر چوڭ ياشلىق ئەر بىلەن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قايتۇرما چانچىقنى ئېچىپ قويۇپلا قايتىپ چىقاتتى. ئىككى تەرەپتىن بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز بولۇنمايتتى. باشقا نەرسىلەرمۇ قايتۇرۇۋېتىلەتتى.

قىزنى مۇرۇللۇغلاپ قويىدىغان يەنە مۇنداقمۇ ئۆزگىچە بىر ئادەت بار ئىدى. باللار كىچىك چېغىدىلا ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى مەھەللىدىكى، مەھەللە ئەتراپىدىكى بىرەر ئائىلىنىڭ قىزىنى ئوغلىغا لايىق كۆرۈپ قالغان بولسا، بىر ئامال قىلىپ شۇ قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بىرەر يېرىنىڭ تىكىچىنى بىلىنگىدەك قىلىپ سۆكۈپ قوياتتى. بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ئاتا - ئانىسى قىزىدىن سورايتتى. ئەگەر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغۇل تەرەپنى، بولۇپمۇ ئوغۇلنى خوپ كۆرگەن بولسا، قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ سۆكۈلگەن يېرىنى تىكىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوياتتى. ناۋادا خوپ كۆرمىگەن بولسا، سۆكۈكنى شۇ پېتى قويۇپ بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن «يېپىق قازان يېپىق پېتى قالاتتى». قىزنىڭ بېشىنى كىچىك چېغىدىلا باغلاپ (مۇرۇللۇغلاپ) قويۇش كۆچمەن خەلقنىڭ ئوغۇل ئۆيلەش ئېھتىياج ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى كەلمىسە، باشقىلار تەرىپىدىن باغلاپ قويۇشىدىن ياكى كۆچۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، مانا شۇنداق ئەھۋالدا مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلاتتى. مۇرۇللۇغلانغان قىز لوپنۇر شىۋىسىدە قوشتۇلۇق دېيىلىدۇ. بۇ «لايىقى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، پەقەت قىزغىلا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، ئوغۇلغا قوللىنىلمايدۇ.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىسىدە توي ھەم ئاددىي - ساددا بولۇش بىلەن ئۆزگىچە ئۆتكۈزۈلەتتى. توي قىز تەرەپتىلا ئۆتكۈزۈلۈپ ئوغۇل تەرەپتە قازان ئېسىش ئادىتى يوق ئىدى. ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئىنتايىن تارقاق ھەم شالاڭ بولغاچقا، تويغا (جۇملىدىن باشقا ھەر قانداق مەرىكە، يىغىنچىلىققا) ئادەم چاقىرىش، خەۋەر قىلىش قىيىن ئىشلاردىن ئىدى. ئەمما كىشىلەر شۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىغا مۇۋاپىق ئوڭاي ئۇسۇلنى تېپىۋالغان. تۆت ئادەم مەھەللىنىڭ سىرتىدا تۆت تەرەپتە بىردىن دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توي توغرىسىدا جاكار تارقىتاتتى. قوشنا مەھەللىدىكىلەردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى بىر دۆڭگە چىقىپ ھېلىقى جاكارنى ئاڭلىغىنى بويىچە تەكرارلاپ توۋلايتتى. شۇ تەرىقىدە توي ۋە باشقا مەرىكە يىغىنچىلىقنىڭ خەۋىرى قۇلاقتىن قۇلاققا يەتكۈزۈلۈپ، بىرەر كۈنلۈك يىراقتىكى كىشىلەرمۇ خەۋەر تاپاتتى. تويغا قىز تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى، قۇربىغا قاراپ قوي ياكى كېيىك، جەرەن گۆشى، نەچچە ئون بېلىق، توشقان ئېلىپ كېلەتتى. ئادەتتىكى مېھمانلار بوش قول كېلەتتى. مېھمانلارغا تارتىلىدىغان تائام بېلىقنى ئاساس قىلىپ گۆش ۋە ئۈجۈل، بېلىق تالقىنى ئۇمىچى ياكى جىگدە تالقىنى ئۇمىچى ئىدى. بۇنداق جەم بولۇش دائىم بولۇپ تۇرمىغاچقا، توي مەرىكىسى ھەرقايسى جايلاردىكى قوشاقچىلار ئۈچۈن ئۆزىنى كۆرسىتىۋالىدىغان بىر پۇرسەت بولسا، كۆپچىلىك ئۈچۈن قانغىچە قوشاق ئاڭلاپ پۇخادىن چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىۋالىدىغان، ئۇزاقتا بىر كەلگەن پۇرسەت ئىدى. شۇڭا توي خەۋىرىنى ئاڭلى-

008

غان ھەرقانداق ئائىلە كىشىلىرى ئاغرىپ قېلىپ ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە يېتىپ قالمىغانلا بولسا چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ھەممىسى كېلەتتى. توي ئىگىلىرى بىلەن تونۇشىدىغان - تونۇشمايدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. ھەتتا بەزىلەر ئېھتىيات ئۈچۈن يەيدىغانلىرىنىمۇ ئېلىۋالاتتى (بۇنداق قىلىشتا يولدا بىرەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ بولۇپ قېلىشىنى نەزەرگە ئالاتتى). كىشىلەر ئات، تۆگە، كالا، ئېشەك مىنىشىپ، پىيادە بولۇپ توي مەرىكىسى بولىدىغان تەرەپكە ئېقىشاتتى. ھەممە جايىنى قوشاقچىلارنىڭ ئاۋازى قاپلايتتى. كىشىلەرنىڭ توي مەرىكىسىگە بۇنداق قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىشىدا ئەلۋەتتە تۈرلۈك سەۋەبلەر بار ئىدى. لوپنۇرلۇقلاردىمۇ بۇرۇن باشقا يۇرتلاردىكى قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ساز - مۇزىكا چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان، بەزمە - مەشرەپ قىلىدىغان سەنئەت شەكىللىرى بولغان بولسىمۇ، تەبىئىي شارائىت، ياشاش مۇھىتى ناچارلىشىپ، نەچچە يۈز يىل داۋام قىلغان تولا كۆچۈش، تارقاق ماكانلىشىش تۈپەيلىدىن كىشىلەردە پات - پات بىر يەرگە جەم بولۇپ بەزمە - مەشرەپ قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە سەنئەتنىڭ ئۆزئارا قوشاق ئېيتىشىشتىن باشقا شەكىللىرى قالمىغان. تويىنىڭ بىردىنبىر يارىشىقى ئوغۇل - قىز تەرەپتىن ۋە خالىغانچە قوشاقچىلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆزئارا بىر - بىرىگە قوشاق تاشلىشىش بولغان. بۇنداق سورۇندا قوشاق تاشلىشىدىغانلار ئۆزىنىڭ قوشاقچىلىقتىكى ماھارىتىنى، ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىدىغان بولغاچقا، سۆز (قوشاق) ئويۇنىدا رەقىبىنى ھەرگىز ئاياپ تۇرمايدۇ. بۇنداق سورۇندا ئېيتىلغان قوشاقلار ھەر قانچە كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە ھەتتا ئائىلە، جەمەتىگە تېگىدىغان سېسىق، ھاقارەتلىك بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى كۆڭۈل ئېچىش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان ئادەتتىكى قوشاق، دەپلا قارايدۇ، ھەرگىز ئېغىر ئالمايدۇ، تەگەشمەيدۇ. مەسىلەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا كۆزلەكنىڭ① شىمال تەرىپىدىكى قۇملۇق ئىچىدىكى بىر ئائىلىدە بولغان تويدا ئوغۇل تەرەپ بىلەن قىز تەرەپ ئۆزئارا تاشلاشقان قوشاقنى ئالايلى:

**ئوغۇل تەرەپ:** شامال كەلسە شىرىلداپ،
ئىرغانادۇ كامپاشى②.
قىز سۆلەتلىك بوپ قاپتۇ،
تارانسىپ پاخماق باشى.
قايتماي تۇرۇپ قالغۇدەك،
بارغان ئىككى قولداشى.

بۇ بىر كۇپلېت قوشاقتا بىزگە ئېنىق بىلىنىدىغىنى شۇكى، «قىز سۆلەتلىك بوپ قاپتۇ تارانسىپ پاخما باشى» دەپ قىزنىڭ ئائىلىسىنى سۇندۇرغان بولسا، «قايتماي تۇرۇپ قالغۇدەك بارغان ئىككى قولداشى» دەپ، قىز تەرەپنىڭ جەمەت تۇغقانلىرىنىڭ چىشىغا، زىتىغا تېگىدۇ. ئەمدى بۇ قوشاققا قىز تەرەپ قوشاقچىسىنىڭ قايتۇرغان جاۋاب قوشىقىغا قاراپ باقايلى.

**قىز تەرەپ:** ئاچ تۇرۇپمۇ سۆلەسۇن
قورساق سالىدۇ توقتەك.
ئۆي مەلەگە كەپسىلەر،
دۆڭ مەلەدە قىز يوقتەك.
ھېچ ئامالى بولمادى،
چاپلاشىۋالىپ پوقتەك.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى مانا ئەمسە دەپ سۇندۇرۇپ - ھاقارەتلەپ يوقلا قىلىۋەتكەن. تەگەش، ئېغىر ئېلىش تۇگۇل قىز تەرەپ قوشاقچىسىنىڭ قوشاق توقۇش - ئېيتىشتىكى ماھىرلىقىغا، دەل جاۋابلىقلىقى، تېزلىكىگە قايىل بولغان ئوغۇل تەرەپ قوشاقچىسى مىنىپ كەلگەن ئېتىنى «بارىكاللا، جانىم ساڭا، چىق - چىق - چىق» دەپ ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلىپ بېرىۋەتكەن...

توي كۆچۈرۈش ئادىتىمۇ ئۆزگىچە. قوشاقلار ئېيتىلىپ، ۋاقىت بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، تۆتىنچى قەدەمدە توي كۆچۈرۈش بولىدۇ. قىز باشقىدىن كىيىندۈرۈلۈپ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىلىۋاتقاندا ۋە قىزنى ئېلىپ ماڭغاندا، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقان، مەھەللىداشلىرى داپ ئورنىدا چاۋاك چېلىپ ياكى تاۋاق - قاچا، لىگەن، جاۋۇر قاتارلىق نەرسىلەرنى رىتىملىك ئۇرۇپ قوشاق ئېيتىشاتتى، بۇنداق چاغدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار ئوخشاش ئەمەس. ھەر مەھەللە - جايلارنىڭ ئۆزگىچە.

مەسىلەن: داڭىنتقۇ يەي، دوڭىنتقۇ،
توي قىلماق بەخت - قۇتقۇ.
تاپىپ چىقاي، ئالىپ چىق،

① كۆزلەك - جاي نامى. ② كامپاش - قومۇش پۆپۈكى.

باش ـ كۆزۈنۈ ياپىپ چىق.
قىزنى تاپشۇر كۈيۈگە،
ئالىپ كەتسۇن ئۆيۈگە.

ياكى:

كەتەر بولدۇ قىزىمىز،
قۇم دۆڭنىڭ ئۇ ياقىغا.
ئىككى كالا پايلاماس،
يوللارنىڭ يىراقىغا.
قىزىمىز كۆنەلەرمۇ،
ياڭى ئۆي ئۇچاقىغا.

................

قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغۇچىلار تاكى مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە بىرنەنچىگە بىرى ئۇلاپ قوشاق ئېيتىشىپ ماڭاتتى. بۇ چاغدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار يېڭى كېلىندىن ئىبزگۇ تىلەكلەر تىلەشتىن ئىبارەت بولاتتى.

قىز كۆچۈرۈلۈپ ئۆيگە كەلگەندە كېلىن هويلا ئىشىكىنىڭ ئىچى تەرىپىگە يېقىلغان ئوتتىن سەكرەپ ئۆتۈپ بولۇپ، ئىچىدە بېلىق يېغى ياكى سېرىقماي بار ياغاچ چۆمۈچنى ئوتقا تاشلايتتى، ئوت چاراسلاپ چاچقۇ چاچرىتىپ كۆيەتتى. بۇنى ئۇلار «كېلىنىمىزنىڭ ئايىغى ياراشسا، ئائىلىمىزنىڭ بەختى مۇشۇ ئوتتەك يورۇپ كەتكۈدەك» دەيتتى. بۇ خۇددى ئۇلارنىڭ «كىم ئوتنى ئۆچۈرسە، ئۇنىڭ بەختى ئۆچىدۇ» دەپ، ئوت كۆيۈپ بولۇپ ئۆزى ئۆچمىگىچە ئۆچۈرمەيدىغان ئادىتىگە ئوخشاش، ئۇزاق قەدىمكى زاماندىكى ئوتقا چوقۇنۇش، ئوتنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىدىن قالغان ساقىندى ئادىتىدىن ئىبارەت①. كېلىن ئاندىن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كۆتەككە ئولتۇرغۇزۇلاتتى. بۇ، كېلىنىمىز ئۆيىمىزگە كۆتەكتەك ئورناپ كەتسۇن دېگەنلىك. كېلىننى هۇجرىسىغا ئەكىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن بېشىنى چۈمكەپ ئارتىلغان ئۈچ ياغلىق (بىرىنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا ئانىسى، بىرىنى قېينانىسى، يەنە بىرىنى يەڭگىسى ئارتىپ قويغان)نى يەڭگىسى ياكى ئوغۇل تەرەپتىن ياشراق بىر ئايال كېلىپ قوشاق ئېيتىپ تۇرۇپ ئېلىۋېتەتتى. بۇ «يۈز ئاچقۇ» دېيىلىدۇ. «يۈز ئاچقۇ»دا ئوقۇلىدىغان قوشاقلار مەزمۇن يېقىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ.

مەسىلەن: سىزنى تويلاپ ئەكەلدۇق،
بالا بولسۇن بىزگە دەپ.

دەريا، كۆلگە توققۇ ئۇن ②
كېمە سالدۇق سىزگە دەپ.
قۇلاق سالماڭ ئارادا
بولۇپ قالسا جەمە گەپ③.

.............

يۈزى ئېچىۋېتىلگەن كېلىن قېيناتىسىغا، قېينانىسىغا، ئاندىن باشقا مېھمانلارغا سالام بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي ئاخىرلىشىدۇ، مېھمانلار تارايدۇ.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىسىدە توي ئەنە شۇنداق ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئاددىي ـ ساددا، ئەمما ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلەتتى...

1980 ـ يىللاردىن باشلاپ ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن تۇرمۇشىمىزغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىغان سىرتنىڭ تۇرلۇك تۇستىكى مەدەنىيەتلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىمىزنى، جۈملىدىن ئۆزگىچە، خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر ئوبدان توي مەدەنىيىتىمىزنى شالغۇتلاشتۇرۇۋېتىپلا قالماي، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇقتا تاپتىن چىقىرىپ، بىزنى ئۆز ئەنئەنىمىزدىن ياتلاشتۇرۇۋەتتى. شۇ قاتاردا نەچچە ئەسىردىن بۇيان بىكىنمىلىك پەردىسى ئىچىدە ياشاپ كەلگەن لوپنۇرلۇقلارمۇ «يېڭى مەدەنىيەت» لەردىن يۈزى ئېچىلىپ، دەسلىپىدە ھاڭتاڭلىقتا گاڭگىراپ قالغان بولسا، ئۇزۇلمەي، تۆپە ـ تۆپىلەپ كۆرۈلۈۋاتقان يېڭىلىقلار، «يېڭى مەدەنىيەت»لەردىن، شۇنداقلا قوشنا يۇرتلاردىن كېلىپ تۇرغان «يېڭى مەدەنىيەت پۇرىقى» دىن مەست بولۇشۇپ، ئېسىل ئەنئەنىسىنى «كونىلىق» دەپ چۆرۈپ تاشلاپ، «زامانىۋى يېڭى مەدەنىيەت»كە بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىشتى. توينى ئالايلۇق، ئۇلاردا توي ئەسلىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قىز ـ ئوغۇل تەرەپ بىر ـ بىرىگە سېلىق سېلىشماي، «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك، «يوتقىنىغا قاراپ پۇت سۇنۇپ» چامىنىڭ يېتىشىچە كېرەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇرۇق-

---

① بۇ توغرۇلۇق پېقىرنىڭ «لوپنۇر ئەسلىمىلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 8 ـ باب 6 ـ بۆلىكىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختالغان ئا.

② توققۇز ئۇن ــــ توققۇزدىن ئۇنى يەنى توقسان. بۇ يەردە سىزنىڭ تويلۇقىڭىزغا بېلىق تۇتقىلى پۈتۈن مەھەللە بويىچە شۇنچە كۆپ كېمىنى ئىشقا سالدۇق دېمەكچى.

③ جەمە گەپ ــــ پىتنە ـ ئىغۋا، يالغان ـ ياۋىداق گەپ.

تۇغقان، قۇلۇم ـ قوشنىلارمۇ تەلەك ھە ـ ھۇ قىلىشىپ، قوشاق ئېيتىشىپ، تېجەشلىك، كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەمدىچۇ ؟! ئۇ ئېسىل ئەنئەنىمىزنىڭ پۇرىقىنىمۇ تاپالمايسىز. بولۇپمۇ شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغۇ دەيمەن، بىر نەچچىمىز كورلىدىن لوپنۇردىكى بىر ئۆيگە قىز سوراپ ئەلچىلىككە بېرىپ قالدۇق. قىزنىڭ ئاتىسى بىزگە تونۇشلۇق بولۇپ زىيالىي كىشى ئىدى. ئوغۇل، قىزنىڭ ئېلىپ ـ تېگىشمەك بولۇشقىنىدىن قىز تەرەپمۇ خەۋەرلىك بولغاچقا، بىرىنچى قەدەم — توي كۈنى تالاشسىز بېكىتىلدى. ئىككىنچى قەدەم — قىزنىڭ تويلۇقى شۇ چاغدا كورلىدا ئېقىۋاتقان تويلۇق سېلىقىدىن خېلىلا ئېغىر بولسىمۇ، بىز ـ ئوغۇل تەرەپ كەينىمىزگە داجىۋالماي ماقۇل دېدۇق. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئاش سۈيى (قازانغا سېلىنىدىغان ئاساسلىق نەرسىلەر)نىڭ ئېغىرلىقى، ئېغىر بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىقى، بەزى چۆچەكلەردە... باي ـ بەگلەر يۇرتقا ئۈچ كۈن داستىخان سېلىپ ئاش تارتىپتۇ، دېگەندەك بىر ئىش بولدى. ئاش سۈيى توغرىسىدا بىز كورلىدا ھەممە ئېتىراپ قىلىپ قېلىپلىشىپ قالغان ئەھۋالنى ئېيتىۋېدۇق، قىز تەرەپ ۋەكىلى (ھەم زىيالىي، ھەم رايون دەرىجىلىك كادىر):

— سىلەر كورلىنى شىپى كەلتۈرمەڭلار، ئۇ كورلا بولسا، بۇ يەر لوپنۇر. بىز بۇ يەردە توينى ئۈچ كۈن قىلىمىز. دەسلەپكى كۈنى ناھىيە، رايون دەرىجىلىكلەرگە قازان ئاسىمىز، توي بىر كۈن كەچكىچە بولىدۇ. بۇ كۈندىكى قازانغا كەمدە يارامىلىق ئۈچ قوي كېتىدۇ. ئەتىسى ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى كادىرلارغا قازان ئېسىلىدۇ، بۇنىڭغىمۇ ئەڭ كەم بولغاندا راۋرۇس قويدىن ئۈچى بولمىسا بولمايدۇ. ئۈچىنچى كۈنى كەڭ جامائەتكە قازان ئېسىلىدۇ، بۇنىڭغا ئەمدى ئىككى قوي سويساق بولار. شۇنداق قىلىپ سىلەر سەككىز قوي بەرسەڭلار، قىز تەرەپ تويىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ كۈندىكى ئولتۇرۇشقا چوڭ ئىككى قوينىڭ بېشىنى كەسمىسە بولمايدۇ، گەپ شۇنداق، — دېدى ئۇ ئاخىرقى كېسىمنى چىقارغاندەك. بىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدۇق... مەن شۇ كۈنى يېقىن تونۇشلىرىمدىن سوراپ كۆرۈۋېدىم، دېگەندەك كادىرلار ئارىسىدا مەيلى قىز تەرەپ، مەيلى ئوغۇل تەرەپتە بولسۇن ئوخشاشلا ئۈچ كۈن توي ئوينايدىغان بوپتۇ... مانا بۇ، 18 يىلنىڭ ئالدىدا لوپنۇردا ھەممە جەھەتتە، جۇملىدىن مەدەنىيەتتە خەلقنىڭ باشلامچىسى بولغان كادىرلار ئارىسىدىكى توي ئەھۋالى. بۇ توي ئەھۋالى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىدىكى توي ئەھۋالىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇرۇنقىسى بىلەن ھازىرقىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرقىنىڭ قايسى دەرىجىدە يىراقلاپ كەتكىنىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ ئازابلىنىمىز، ئېچىنىمىز. ئۇلارمۇ ئېسىل ئەنئەنىسىدىن ياتلىشىپ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغى، ھەرھالدا پەسكويغا چۈشتى، ئەمما شەھەردىن يېزىلارغىچە توينى قوشاق ئېيتىشىپ قىزىتىدىغان ئەنئەنىسى ئۇنتۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئالا ـ تاغىل ۋارقىراپ، قول پۇلاڭلىتىپ ئېگىز ـ پەس سەكرەيدىغان غەيرىي ـ غەلىتە ئۇسسۇللار ئىگىلىدى.

### 7. ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرىنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەپ ئىككى دەۋرگە ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇلاردا كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن تارقاق ياشىغانلىقى، قاتناش ئىشلىرىنىڭ بەكمۇ قولايسىزلىقىدەك تۈرلۈك پايدىسىز ئامىللار سەۋەبىدىن دىنىي ئىسلامنىڭ ئەمرى مەرۇپ، پەرز ـ قائىدىلىرى دېگەندەك راۋان ئىزچىللىشىپ كەتمىگەن. ئەمەلىي ئەھۋال موللا مۇسا سايرامى: «مۇسۇلمان دېسە مەسچىتى يوق، بۇتپەرەست دېسە بۇتخانىسى يوق» دېسە①، «ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى»دە «مۇسۇلمانمىكىن دېسە ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ، سەدىقە قىلمايدۇ، ئەمەسمىكىن دېسە ئىمان ئېيتىدۇ، مۇسۇلمانچە كىيىم كىيىدۇ، مۇسۇلمانچە (ئۇيغۇرچە ـ ئا) سۆزلەيدۇ» ②دېگىنىدەك بولۇپ، تاكى 1920 ـ يىلىغا قەدەر پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدە بىرەر مەسچىت، بىرەر دىنىي مەكتەپ بولمىغان. تارىخىي يازمىلاردا كۆرسىتىلىشىچە پەقەت 1919 ـ ، 1920 ـ يىلى ئارىلىقىدا قەشقەرلىك ئالاۋۇدۇن ئىشان دېگەن كىشى تۇرپاندىن لوپنۇرنىڭ تىكەنلىك مەھەللىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يۇرۇپ بىر مەسچىت ـ خانىقا سالدۇرغان. مانا بۇ

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 706 ـ بەت.

② «ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» «ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» 1968 ـ يىل ئۇيغۇرچە 2 ـ سان 93 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com



لوپنۇر بازىرىدىن 162 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەھەللىدە بىنا بولغان تۈنجى مەسچىت ئىدى. كېيىنكى يىلى ئۇ كىشى ئۆكسى ھاجىخان مىرزىنى قەشقەردىن ئەكەلدۈرگەن. 1924 ـ يىلى 2 ـ مەسچىت تىكەنلىككە يېقىن مەھەللە كۆزلەكتە سېلىنغان. شۇڭا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئادەتلىرىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ئاز ئەمەس، ئارىلاش داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يۇرتتا بولغان بىلەن ئولتۇراقلىشىش بەك تارقاق، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىشلارنىڭ ئاز بولغانلىقىدىن مەھەللەر ئارا ئاز ـ تولا پەرقلەرمۇ يوق ئەمەس.

لوپنۇرلۇقلاردا ئەجدادلىرى چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەشىپ ياشىغان قەدىمكى دەۋرلەردە، مەسلەن، كىروران، پىشامشان، مىرەن، كىچىك مۇرەن ۋە شەھرى كىتىك قاتارلىق شەھەرلەر دەۋرىدە توپ ـ توپ قەبرىستانلىقلار بولغان بولسىمۇ، بۇ شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن خارابلىشىپ كەتكەنلىكى، كېيىنكى چاغلاردا يىپەك يولىنىڭ ئۆزۈلۈشى، بولۇپمۇ تەبىئىي شارائىتلارنىڭ ناچارلىشىشى سەۋەبلىك مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنى تاشلاپ، تارقاق، كۆچمەن تۇرمۇشقا چېكىنگەندىن كېيىن، تاكى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە بۇلاردا كوللېكتىپ قەبرىستانلىق بولمىغان. كىم نەدە ئۆلسە، شۇ يەردە بىرەر دۆڭگە دەپنە قىلىنغان. ئۇلاردا گۆر ئۈچ خىل بولىدۇ:

1. لەخمە گۆر. توپىسى قاتتىق، سىغىزلىق يەردە لەخمە گۆر كولىنىدۇ. لەخمە گۆر باشقا يۇرتتىكىلەر كولايدىغان لەخمە گۆر (تاشقى گۆر، ئىچكى گۆر) بىلەن ئوخشاش. 2. شام گۆر. يەنى تىك گۆر، شام گۆر قۇملۇق، قۇمساڭغۇ، بوش توپىلىق يەردە كولىنىدۇ. يەر تىك، تۆت چاسا كولىنىپ، قۇم ـ توپىلارنىڭ سىرىلىپ گۆرنىڭ تىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تۆت تەرىپى كېسەك بىلەن ياكى تۆت بۇلۇڭغا قوزۇق قېقىلىپ، قوزۇق سىرتىدىن ئۇنىڭغا يۆلەپ قاتىرىغا ياغاچ ياكى شاخ ـ شۇمبا، يۇلغۇن قويۇپ توسۇلىدۇ. مېيىتنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، گۆرنىڭ ئۈستى ياغاچ، شاخلار بىلەن قويۇق قىلىپ يېپىلىپ، توپا دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ، ياكى قەبرە قاتۇرۇلىدۇ. 3. بۇنى گۆر دېمىسىمۇ بولىدۇ. يەنى مېيىت ئايرىم قۇم دۆڭلىرىگە قويۇلغاندا، يەرلىك كولانماي، دۆڭنى تۈزلىۋېتىپ قۇمنىڭ ئۈستىگىلا قويۇپ، شارائىتى يار بەرسە، كېسەك بىلەن قەبرە ياسايدۇ، كۆپىنچە ھۆل ياغاچلارنى ئېگىپ زەمبىلدىن چوڭقۇرراق قىلىپ توقۇپ، مېيىتنىڭ ئۈستىگە ياپىدۇ. ئاندىن ئىككى يېنىنى ئېتىپ ئۈستىدىن سۇۋۇۋېتىدۇ. لەخمە گۆر بولسۇن، شام ـ تىك گۆر بولسۇن ۋە ياكى مېيىت دۆڭ ئۈستىگىلا قويۇلغان بولسۇن، ئۇلار يالغۇز، ئايرىم قويۇلغانلا بولسا، بۇنداق يالغۇز قەبرە لوپنۇرلۇقلاردا ئاگاي دېيىلىدۇ. بىر نەچچە، ئون نەچچە مېيىت بىر دائىرىگە قويۇلغان بولسا، بۇ ماقات، ماقاتلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلگىرى مېيىتنى يەرلىككە كىيىمى بىلەنلا كۆمگەن بولسا، كېيىن يۇيۇپ ـ تاراپ، كېپەنگە ئېلىپ قويىدىغان بولغان. كېپەنگە ئالىدىغان چاغدا يۇيغۇچىلار ئارىسىدىكى چوڭ ياشلىق بىرى:

قۇلاقىڭغا بەردىم سالاتى قامەت،
ئاغزىڭغا بەردىم كەلىمە شاھادەت.
بۇرنىڭغا بەردىم ھاپىشرىق تاھارەت،
سەن ئالدىراپ كېتىۋاتىسەن،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت!

دەپ يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپلا «ئاغام ـ دۇغام، ئاغام ـ دۇغام» دەپ، مېيىتنىڭ ئىككى قۇلىقىنى بىر قېتىم سوزۇپ قوياتتى. مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدىغاندا بەزى جايلاردا مېيىتنى تاۋۇتقا سالسىمۇ، كۆپ جايلاردا شىرغىغا سېلىپ، پاكىز دەپ قارالغان بىر جايغا ئەكېلىپ قويۇپ مەھەللىدە كىمنىڭ يېشى چوڭ بولسا شۇ كىشى ئالدىغا چىقىپ مېيىت نامىزىغا ئىماملىق قىلاتتى، مەخسۇس ئايەت ئوقۇلماي، دىنىي ئاتالغۇلار قوشاقلاشتۇرۇلۇپ ئوقۇلاتتى. مەسلەن:

ئەلى قۇلىلار، بەلى قۇلىلار،
سەن بىلەن بىز ۋەلى قۇلىلار.
ئۆزۈڭ ئالدىراپ كەتمەك بولدۇڭ،
ئۇچماققا ① يالغۇز يەتمەك بولدۇڭ.
قۇلاقىڭغا بەردۇق سالاتى قامەت،
ئاغزىڭغا بەردۇق كەلىمە شاھادەت.
بىزمۇ كەينىڭدىن بارۇرمىز،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت!
ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

مېيىت نامىزى ئەنە شۇنداق ئوقۇلۇپ، مېيىت يەرلىككە قويۇلاتتى. مېيىتنى ماقاتلىققا ئېلىپ ماڭغاندا

(ئاخىرى 45 ـ بەتتە)

① ئۇچماق ـ جەننەت (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى).



# كىشىلىك ھاياتتىكى ئەقىل - پاراسەت

ۋاڭ مېڭ

مەن ئۆگىنىشنىڭ مۇتلەقلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەشنى ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۆگىنىش ماڭا نىسبەتەن مۇتلەق ئۇقۇم. نېمە ئۈچۈن مۇتلەق ئۇقۇم دەيمەن؟ چۈنكى ئۇ شەرتسىزدۇر. قانداق شارائىتتا ئۆگىنىمەن دېسە ئۆگەنگىلى بولىدۇ. كىتاب بولسىمۇ - بولمىسىمۇ ئوخشاشلا ئۆگەنگىلى، سالامەتلىك ياخشى چاغدىمۇ، كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپمۇ ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بارلىق كەچۈرمىشلەر، تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش. يېڭى كەچۈرمىش، يېڭى تەجرىبىلەر، كونا تەسىراتلارنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ بىر خىل ئۆگىنىشتۇر. كونا بىلىملەرنى قايتا تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بارلىق «كونا»لارنىڭ ئىچىدە سىز تېخى بايقىمىغان يېڭى زېمىن، يېڭى مۇمكىنچىلىك، يېڭى تۇيغۇلار پارلاپ تۇرغان بولىدۇ. چۈنكى سىز بىر كېچىكنى ئىككى قېتىم كەچمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

ئۆگىنىشنىڭ چېكى بولمايدۇ. ھاۋا چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ باشلىنىپ، ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۆگىنىش ۋاقتى 24 سائەت، ھەر ھەپتىلىك ئۆگىنىش كۈنى يەتتە كۈن بولىدۇ. تەتىل، دەم ئېلىشلىرى بولمايدۇ. ھەتتا سىز ئۇخلاۋېتىپمۇ يەنىلا ئەسلەيسىز، يەنىلا كونا بىلىملەرنى قايتا تەكرار قىلىسىز، ئويلىنىسىز، تەپەككۇر قىلىسىز، باش قاتۇرىسىز. سىزنىڭ چۈشەكەشلىرىڭىز ۋە ئويغاق ھالەتلىرىڭىز، تاتلىق كۈلۈمسىرەشلىرىڭىز بىلەن ئاچچىق ئۇھسىنىشلىرىڭىز، خاتىرجەملىك بىلەن دىلغۇللۇقلىرىڭىز، قانائەت تېپىشلىرىڭىز بىلەن ئازابلىق ئۇيقۇ تەجرىبىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ھايات كەچۈرمىشلىرىڭىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، سىزگە ھاياتىي ئىلھام بېرىدۇ، ئۇ سىزدىن تېخىمۇ سەگەكلىكنى، ئوچۇق - يورۇقلۇقنى، پىشىپ يېتىلىشنى، ساغلاملىقنى، سىزنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك ھايات مەنزىلىگە يېتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بۇنداق مەنزىلگە ھەرگىز ئۆگەنمىسىز ئاسانلا يەتكىلى بولمايدۇ.

ئۆگىنىش بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي كامالەتكە يېتىش ماھارىتى، ئۇ ئادەمنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى، بىرىنچى ئەقىل - پاراستى، بىرىنچى مەنبەسى، قالغانلار بولسا ئۆگىنىشنىڭ نەتىجىسى ۋە ئىلتىپاتى. بىر ئادەم خۇددى بىر تۇركۈمگە ئوخشايدۇ، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئەمە-

www.uyghurkitap.com



لي كۈچكە ئىگە بولمىسا بولمايدۇ. ئەمەلي كۈچنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ. قابىلىيەتمۇ ئۆ-
گىنىشتىن كېلىدۇ، ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشمۇ ئۆ-
گىنىش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن ئۆگە-
نىشكە توغرا كېلىدۇ، زېرەك ۋە تېتىك بولۇشنىڭ ئىنكاسى-
مۇ، تۆھپە يارىتىپ قۇربان بېرىشلەرمۇ، تۇرمۇشتىن بەھىر
ئېلىش، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشلىرى-
مىزمۇ پەقەت ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ھەل بولىدۇ. ساغلام
تەنگە ئىگە بولۇش، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، بولۇپمۇ
ساغلام پسىخىكىنىڭ ھەرىكەت مودېلىنى ئۆزلەشتۈرۈۋې-
لىشلارمۇ ئۆگىنىشنىڭ نەتىجىسى، ئۆگىنىشنىڭ مۇتلەقلىقى
بىلەن ئۆگىنىشنىڭ بىرلەمچىلىكى ئايرىلمايدۇ.

ئۆگىنىشنىڭ مەڭگۈ ئاخىرقى كۈنى بولمايدۇ،
بارلىق ئۆگىنىش، بارلىق ئۆگۈتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقتى،
ئورنى، تېمىسىنىڭ قاراتمىلىقى، كونكرېتلىقى، ھاياتىي
كۈچى ۋە چەكلىملىكى بولىدۇ. بارلىق بىلىم ۋە ھۆ-
كۈملەرنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ۋە شەرتسىز بولماي-
دۇ. ئىنسانلارنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرى بىر جەھەت-
تىن ھەقىقىي ۋە سۈزۈك بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ خىيالىي
چۈشتەك گىرىمسەن بولۇپ قېلىشىنى تەشەببۇس قىلماي-
مەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ (ئۆگىنىشنى دېمەكچى)
يەنە ھەر ۋاقىت، ھەر زامان، ھەر بىر ئىش بويىچە
ئېلىپ بېرىلىدۇ. ۋەھالەنكى ئۇ بارلىق ۋاقىت، بارلىق
زامان، بارلىق ئىشلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، بەلكى
ئۇ تېزلا ياكى ئاستا - ئاستا ئۆتمۈشكە، ئەسلىمىلەر-
گە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەم ھەرگىز بىر كېچىكنى
ئىككى قېتىم كەچمەيدۇ. بۇ دېگەنلىك سىز مەڭگۈ
يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىسىز، مەڭگۈ
100% تەييار جاۋابلارغا ئېرىشەلمەيسىز دېگەنلىكتۇر.
سىزنىڭ ھۆكۈم ۋە بىلىملىرىڭىز كونكرېتلىقتىن ھاياتىي
كۈچ تاپىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ كونكرېتلىقىدىن
ھەرگىز ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلمەيسىز، بىر ئەجىر بىلەن
مەڭگۈ ئەمىن تاپالمايسىز. ھازىرقى زامان غەرب پەيلا-
سوپلىرىنىڭ ئىلىم - پەننى تەشەببۇس قىلىشتىكى بىر
ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى
ئۇنى ئىنكار قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىغانلىقىدا. بۇ
قاراش ھەقىقەتەن بەك دانادۇر. چۈنكى بارلىق ئىلمىي
قائىدىلەر كۆپ قېتىم تەجرىبىدىن، سىناقتىن ئۆتۈپ يە-
فىنچاقلاش قائىدىسى بىلەن يىغىنچاقلىنىپ ئوتتۇرىغا
چىققان بولىدۇ. گەرچە مىليون قېتىمدىكى تەجرىبە ۋە
سىناقلارنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش چىققان تەقدىردىمۇ
نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىليون قېتىمدىكى تەجرى-
بە ياكى سىناقلاردا بايقىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى
سانلىق ئاساسلارنى، يەنى ئەسلىدىكى نەتىجىنىڭ ئېھتى-
ماللىقىنى ئىنكار قىلىشنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. مانا
بۇ ئىلىم - پەننىڭ ئالاھىدىلىكى. ئەمما بەزى ئىلاھى-
يەت تېمىلىرىنى ئىسپاتلىغىلى ھەم ئىنكار قىلغىلى بول-
مايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىلىم - پەن كاتېگورىيىسىگە كىر-
مەيدۇ. بىزنىڭ ئىلىم - پەن بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئالاھى-
دىلىكى، خاراكتېرىنى تونۇشىمىزغا مۇنداق بىر خىل
تەپەككۇر ئىلھام بېرىدۇ: ھازىرقى بارلىق يېتىشسىزلىك-
لەرنى تېپىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا قاراش، قولغا كەلتۈر-
گەن خۇلاسىلەر ئۈستىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ھەققىدە
ئىزدىنىش، مەۋقەنى ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلەش تە-
رەپكە قارىتىپ ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش
مەڭگۈ ئۆگىنىش جەريانى ئىچىدە ئۆتىدۇ، ھەرگىز
ئەمدى ھەقىقەت يېتەرلىك بولدى، ئۇنى ئاخىرلاشتۇر-
ساق بولىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇلار بىزنىڭ
نەزەر دائىرىمىزنى كەڭ ئېچىپ، بىزنىڭ ئۆز - ئۆزد-
دىن قانائەتلىنىش بىلەن كونىلىقنى ئېسىلۋېلىش تۇيغۇ-
مىزنى يېڭىپ، بىزنى ئىلىم ئىزدەش يېڭى مەنزىلگە
باشلاپ كىرىدۇ.

ئۆگىنىش ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرمۇش-
نىڭ ئۆزى ئۆگىنىش دېمەكتۇر، ئۆگىنىش خاراكتېر دې-
مەكتۇر. خاراكتېردىن ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇشىمىز،
ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ كېڭەيتىش بىلەن ئۆز - ئۆزد-
مىزنى كونترول قىلىشىمىز، ئۆز - ئۆزىمىزنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈشىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىشتۇر. ئۆگىنىش
مۇۋەپپەقىيەت دېمەكتۇر. مۇۋەپپەقىيەت ئۆگىنىش بىلەن
ئىشقا ئاشىدۇ. ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە
ئايلاندۇرۇشتا ئەڭ بولمىدى دېگەندە ئۇ بىزگە
ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن ياخشى ئۆگىنىش

ياكى پراكتىكا قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرنى تونۇپ، كېيىنكى قەدەمدە تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە تېخىمۇ بەك ئۆگىنىش كېرەك. خاتالىقتىن كېيىن قايتا ئويلىنىش، قايتا ئويلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش، ۋاقتىنچە ئورنىنى تولدۇرۇش قىيىن بولسا سەۋر قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئەڭ ناچار شارائىتلارغا چۈشۈپ قالغاندا سالماق بولۇش، شان - شەرەپ، ھاقارەتلەرگە پىسەنت قىلماسلىق... بۇ خىل ئۆگىنىش مەنزىلىگە دوكتور ئاشتىدىن كېيىنكى تەتقىقات بىلەنمۇ يېتىپ بارغىلى بولمايدۇ.

ئەڭ مۇھىمى، ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى بىر ئۆگىنىش، بىلىش، تەپەككۇر قىلىشمۇ ئۆگىنىش دېمەكتۇر. بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، بارلىق ئەمەلىيەتلەردىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەممىسى بىلىش جەريانىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسمى، شۇ سەۋەبتىن ئۆگىنىش كېرەك. بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆگىنىشكە، كۆڭۈل قويۇشقا ماھىر كېلىدۇ. باشقىچە ئېيتساق ئۇلار مۇتەپەككۇردۇر. ئەجەبا ئەمەلىيەتتىن بىلىمگە، تونۇشقا ئىگە بولغۇچىلار، بىۋاستە كۆزىتىشلەردىكى كونكرېت، پارچە - پۇرات ئىشلاردىن ئىدىيىۋى مەنزىلگە ئېرىشكەنلەر مۇتەپەككۇر بولمامدا؟ بىر - ئىككى پارچە ئەڭ يېڭى تەرجىمە كىتاب ئوقۇغانلار ياكى ئاز - تولا پىكىرلىك ئىختىساس ئىگىلىرى مۇتەپەككۇر بولىدۇ دەپ قارىساق بولمايدۇ. مەلۇم بىر ئالاھىدە دەۋردە تۇغۇلۇپ قالغانلىقى، پېشانىسىگە مەلۇم بىر تەقدىر پۈتۈلۈپ قالغان «ئىختىساسلىقلار»لا مۇتەپەككۇر بولىدۇ دەپ قارىساق تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەجەبا ئەمەلىيەتتىن ئىدىيە، كۆز قاراش، پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللارنى قوبۇل قىلالايدىغان كىشىلەر مۇتەپەككۇر ھېسابلانمامدا؟ پەقەت كىشىلىك ھاياتتىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردىن يارقىنلىققا ئېرىشكەن پاراسەتلىك كىشىلەرلا مۇتەپەككۇردۇر. بىز ئەڭ بولمىدى دېگەندە تەجرىبە بىلەن تەسىراتلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئىدىيىگە ئايلاندۇرالايدىغان كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە سىز سەل چوڭقۇرراق ئۆگەنسىڭىز ئۆلۈك يادلاش قاتلىمىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئىدىيە مەنزىلىگە كىرەلەيسىز، تەھلىل يىغىنچاقلاش، بىرلەشمە تەسەۋۋۇر، ئىلھام، ئىزدىنىش ۋە قىياسلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيىدۇر، ئەڭ بولمىدى دېگەندە ئىدىيىنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر. بىز بەزىدە بىرەر كىشىنى پىكىرلىك ياكى بىرەر ئىشلارغا بەك كۆڭۈل قويىدۇ دەپ ماختىشىمىز، بۇ شۇ كىشىنىڭ ياكى شۇ ياقىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا تەپەككۇر، ھۆكۈم، خۇلاسە، تەھلىل، ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئەقىل - پاراسەت، سەگەكلىك، كۆڭۈل قويۇش، ئەستايىدىللىق، چوڭقۇرلۇق قاتارلىقلارغا مەدھىيە ئوقۇپ، نادانلىق، خۇراپاتلىق، بىلىمسىزلىك، گومۇشلۇق، يۈزەلىك ۋە ئېتىقادسىزلىقلارنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىش، ئىدىيە ۋە شادلىقنىڭ چېكى بولمايدۇ. چەت ئەلدىن كىرگەن يېڭى ئاتالغۇلارنى دەستەك قىلىدىغان ۋە شىياڭگاڭ، تەيۋەنلەردە ئاز - تولا تەلىمات ئالغان، ئۆزىنى سەرخىل دەپ چاغلايدىغان، ھاكاۋۇر، ھەممىدىن ۋايسايدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا يامانلىق ئىزدەيدىغان، ھەممە خەقنى ئۆزىگە قەرزدار دەپ چاغلايدىغان، كاللىسى ئۇماچ بولۇپ كەتكەن ئادەملەرلا مۇتەپەككۇر بولىدۇ دەپ قارىساق بولمايدۇ. مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەممىسى ئازاب ۋە قىساسقا تولغان، بېلىگە پارتلاتقۇچ دورا باغلاپ، تۇتامى يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيدىغان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش شەكلى بىلەن مەردلەرچە قۇربان بولىدىغانلار، دەپ قارىساق ئەقلىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىدىيە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىمتىيازى ئەمەس، ئۇ سۆلەتۋازلىقمۇ ئەمەس. ئۆگىنىشنى سۆيگەنلىك ئىدىيىنى سۆيگەنلىك، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش، تەپەككۇرغا ماھىر بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئەمەلىيەتچىل ھەم ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇتەپەككۇردۇر، ھېچ بولمىدى دېگەندە ئۇلار ئىجادىي قىممەتكە ئىگە تەپەككۇر يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ ماڭغان بولىدۇ.

(ۋاڭ مېڭنىڭ «مېنىڭ ھايات پەلسەپەم» دېگەن كىتابىدىن)

**شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى**

www.uyghurkitap.com

# كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى

ن . ف . كاتانوف (روسىيە)



### ئەركەك ئۆلۈكنى كۆمگەن رەسمى

(مجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 7ـئاينىڭ 25 ـ كۈنى)

ئەگەرلىدە، ئەركەك ئادەم ئۆلسە، ئىڭگىنى بېشى بىرلەن قېتىپ ئاق ياغلىق بىرلەن ئۆيدىكى چوڭ ئادەم چىگىپ قويار. ئىككى پۇتىنىڭ بارمىقىنى چېتىپ قويار. ئىككى پۇتىنى قىلىبە سايان بېقىزىپ قويۇر. ئاندىن قۇمۇ قېرىنداشلىرى بۇ ئۆلۈكنىڭ جابدۇقىغا ـــ ناماز ھەققىگە بېشىغا بىر كىملىك سەللە، بىر كۆڭلەك، تامبال، يەنە بىر بەلباغ، بىر تون قويار. زادەر بولسا، بىر ئات قېتىپ قويار. نامرات بولسا، شۇ يوسۇندا قويار. ئۆلگەنىنىڭ تۇڭنۇككىگە باش ـ ئاياق بىر قۇر كىيىم، بىر تاباق قوشۇق، بىر چىنا، تاباقنىڭ ئىچىدە بىر شىلىك بۇغدىيى بىرلەن قېتىپ، تۇڭنۇككىگە مۇنى قويار. تۇڭنۇككە چىققان كىشى، خاتىپ دېگەن كىشى، سۈرە ياسىننى يەتتى قېتىم ئوقۇپ ئۆلۈكنىڭ ھەققىگە دۇگا قىلىپ شۇ نەرسەلەرنى ئالۇر. ناماز ھەققىسىنى يۇرتنىڭ چوڭ ئاخۇنى، ئەھلى جامائەت بىرلەن ئۇش رەكەت مېيىت نامازى ئۆتەپ، بۇ ئۆلۈككە دۇگا قىلۇر. ئاندىن، بۇ ئۆلۈكنىڭ كىيەتۇرغان ئەڭنى يەتتى قات كەپەن بولۇر، بۇ ئۆلۈكنىڭ باش ـ ئايىغىنى مەھكەم بوغۇپ قويۇرلەر. ئاندىن جامائەت تەييار بولغان بولسا، بۇ ئۆلۈكنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆلگەن ئەرتىدىن باشلاپ، تا بىر كۈن بولغۇچە ئىشىگىنىڭ ئالدىدا ئاتىسى ئۆلسە «ئاتام»دەپ، ئانىسى ئۆلسە «ئانام» دەپ، يىغلاپ تۇرۇر. بۇ ئۆلۈك تەييار بولغاندا، كىگىزگە يۆرگەپ، ئەر خەقلەر كۆتۈرۈپ، ئاپچىقار. ئاندىن جىنازاغا سالار. جىنازا دېگەن ئۆلۈك سالادۇرغان ساندۇق. ئاندىن بۇ ئۆلۈكنى بۇ يىغلىغان جامائەتلەر ھەممىسى كېلىپ، ناماز قىلۇر. ئاندىن بۇ ئۆلۈكنى كەلگەن ئەرلەر يەردە قويماستىن ئاپىرىپ قەبرى بېشىدا قويار. يەرلىگىگە ئاپكىرىپ قوياردا، جۇگاپنامە دېگەن ئايەتنى ئەگەل ئاپكىرىپ، قىلبى تامغا قېقىپ قويۇرلەر.

ئاندىن بۇ ئۆلۈكنى ئۈچ ـ تۆرت كىشى كۆتۈرۈپ بۇ يەرنىڭ ئىچىگە ئاپكىرۇر. بېشىنى شىمال تەرەپكە قويۇپ، پۇتىنى جۇنۇپ تەرەپكە قويار. ئاندىن بۇ ئۆلۈكنىڭ كىيگەن كېپەنىنى باش ـ ئايىغىنى يېزىپ ئېچىپ ـ ئېچىپ قويار. ئاندىن قويغان ئادەملەر «خۇدا تەئالاغا تاپچۇردوق» دەپ، يېنىپ چىقىپ ئۆلۈكنىڭ گۆرنىڭ ئىشىگىنى كېسەك بىرلەن مەھكەم ئېتەرلەر. ئاندىن بىر قۇياشى كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، ئۇ گۆرنىڭ ئاغزىغا يەتتى كەتمەن توپراق تاشلۇرلەر. ئاندىن كېيىن بۇ موللا شەھادەت ئوقۇپ گۆر ئاغزىدىن يېنىپ چىقايلەر. ئاندىن بۇ خەلقلەر بۇ گۆرنىڭ ئۈستۈنىنى تۇپراققا تولدۇرۇپ قويۇپ، يېنىپ كېتۇرلەر. ئاندىن ئىككى ـ ئۈچ موللا شۇ ئۆلۈكنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ يەتتى كۈن ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇرلەر. يەتتى كۈن بولغاندا مال ئۆلتۈرۈپ شۇ ئۆلۈكنىڭ نامازىغا كەلگەن ئادەملەرنى چىرلاپ كېلىپ، بىر كۈن ئاش بېرۇرلەر. بۇ ئۆلۈكنىڭ ئۆيدىكى قېرىنداشلىرى قىرق كۈن توشقۇچە ھەر ئەرتەدە يەتتى جۇپ يەتتى سېلىپ، ئۆلۈكنىڭ ھەققىگە دۇگا قىلۇرلەر. قىرق كۈن بولغاندا، يەنە مال ئۆلتۈرۈپ بىر كۈن خەققە ئاش بېرۇرلەر. ئاندىن بۇ ئۆلۈكنىڭ جامائەتلىرى بىر يىل بولغاندا، ھەر جايدا بولسا، يىغىلىشىپ ئۆلۈك ئۆلگەن كۈندە قاتتىق تەزىيەت قىلىشىپ، يەنە ئەرلەرگە بىر كۈن ئاش بېرۇرلەر. بۇ قۇياشلار ئاندىن ئۆلۈكنى «ئەمدى ئۇزاتتۇق» دەپ تاراپ كېتۇرلەر.

### خوتۇن ئۆلۈكنى كۆمگەن رەسمى

مەزلىم كىشى ئۆلگەن بولسا، ناماز قىلغۇچە ئۈچ توپ يىڭنىنى تالادىن كەلگەن مەزلىملەرگە ئىككىدىن ئۈچتىن ئۆي ئىگىسى تۇتۇپ بېرۇرلەر. نېمە ئۈچۈن دېسە، ئۆلگەن مەزلىم ھايات چاغدا يىڭنىنى تولا لازىم قىلادۇ. ئۆتنە ھەققى قالغان بولسا، ئۆلۈكنىڭ گەدىنىدە

قالماسۇن دەپ، ئېنىلق ئۇچۇن بۇ يىگىننى مەزلىملەرگە بېرۇر. مەزلىم كىشى ئۆلسە، مەزلىم كىشى يۇيدۇ؛ ئەركەك كىشى ئۆلسە، ئەركەك كىشى ئېنى يۇيدۇ. قالغان قايدالىرى ھەممىسى ئوخشاش بولادو. خوتۇن ئۆلسەما، گۆرگە ئەر خەق بارادو؛ مەزلىملەر يىغلىشىپ ئۆيدە قالادو. خەققە ئاش بېرەدو، مەزلىم كىشى ئۆلگەندە: ئۇچ كۈندە بىر ئاش بېرەر، يەتتى كۈندە، قىرق كۈندە، بىرىلدا. شۇ ئەر كىشىنىكگە ئوخشاش ئاش بېرەدو. ئەر كىشى ئۆلسە، ئۇچ كۈندە ئاش بەرمەيدو. ئاش بەرگەن گاختا ئات يۇگۈرتمەس، خەق سوقۇشماس. ئۆلگەن ئادەم، ئەرمۇ، خوتۇنمو، زەدەر بولسا، ئۆلۈك بىرلەن بىرلە بىر ساندۇق گەزمال ئاپچىقىپ، بىر ياغلىق، بىر ياغلىق قىلىپ، ئۆلۈك بىرلەن چىققان ئادەملەرگە بېرۇر؛ يەرگە كۆمۈپ موللا ئوقۇپ بولغاندا ئۆيگە يانغۇچە بېرۇر. بۆلەك كۈندە ياغلىق بەرگەنى يوق. نامرات ئۆلسە، ھېچ مال بولماسا، بەش ـ ئالتى ئون جىلڭ مۆگە ئېلىپ چىقىپ، ئەر خەقلەرگە بىر سىقىمدىن بېرەر. ئادەم ئەرتە ئۆلسەما، كېچە ئۆلسەما، ھەممىسى تەييار بولسا، ئۆلگەن كۈندە كۈن ئولتۇرغاننىڭ ئالدىدا كۆمەر؛ ھەممىسى تەييار بولماسا، بىر كېچە قونۇپ قالادو. خوتۇنى ئۆلسە، ئېرى تۆرت ئايدىن بۇرۇن خوتۇن ئالماس. ئېرى ئۆلسە، خوتۇنى يەتتى ئايدىن بۇرۇن ئەرگە تەگمەس. تۆرت ئايدىن بۇرۇن ئېرى خوتۇن ئالسا، يەتتى ئايدىن بۇرۇن خوتۇنى ئەرگە تېگەر بولسا، خوتۇن بىر ئاپتابى سۇ ئاپچىقىپ، ئۆلگەن ئەر كىشىنىڭ بېشىغا بېرىپ توپرىغىغا سۇ قۇيار؛ ئەر بولسامو، خوتۇنى ئۆلگەن بولسا، شۇ يوسۇندا سۇ قۇيار.

ئۆلگەن ئىنىسىنىڭ خوتۇننى ئاغىسى ئالماقا دۇرۇست؛ ئۆلگەن ئاغىسىنىڭ خوتۇننى ئىنىسى ئالماقا دۇرۇست كەلمەس.

### ئىلگەركى زاماندا ئۆلۈكنى كۆمگەننىڭ بايانى

(ئابدۇللاھ كا، قومۇل، 1892 ـ يىلى2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)

بەگلەردىن بىرۆسى ئۆلسە، مۇنۇڭغا لازىم بولادۇغان ھەر قىسما رەخلەر(ئاق، قىزىل، يېشىل، كۆك) لازىم بولادۇغان رەخلەرنى خىزمەتكارلىرىغا، قانچە بولسا شۇنچە ئەر، خوتۇن ھەر قايسىغا بىرقۇردىن قارىلىق چاپان بېرەدو. ئەكىنزىزە، ئۇ ئۆلگەن كىشى بەك زادەر بولسا ئاخۇن، ئەل جامائەتكە ئىسقات بېرەدو، ئاخۇنلارغا، تولا زادەر بولسا، ئون سەردىن، ئەل ـ جامائەتكە ھەر بىرىگە بەش مىسقالدىن توققۇز مىسقال سەرگىچە بېرەدو، كۈمۈش ئىسقات بېرەدو. ئېنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆلگەن ئۆلۈكنى ئەرنى ئەر، خوتۇننى خوتۇن يۇپ ـ تاراپ تەرەت ئالدۇرادو؛ كەپەنگە ئالدۇرادو؛ كېپەنگە ئالدۇرغۇچە بىر ئاخۇن تۆبەدە تۇننۇككە چىقىپ كەلامۇللا ئوقۇيدو. ئۇ ئاخۇنغا ھەر قىسما چىنىدىن توققۇزنى بېرەدو. بىر داسقانى بىرلەن شۇ ئاخۇنغا قويادو. شۇ ئاخۇن كەلامۇللانى تۇننۇكتە ئوقۇغان ئىجارىسىغا شۇ ماللارنى ئالادو. ئاپىرىپ گۆرگە كۆمگۈچە ھەر سىگىردا ئات، ئۇي، قوي مال، تاكى مەقبىرەتلىككە يەتكۈچە، بۇ ئۆلتۇرگەن (ئۆتىگەن) ئات، ئۇي، قويلارنىڭ گۆشنى ھەر كىم ئۆيگە ئېلىپ يەيدو. شۇ گۆش خاملا بولادو. ئۇ ئۆلگەن ئۆلۈكنۈڭ بېشىدىن ھەر ماتادىن بىر چى ـ بىر چى يىرتىپ، ئىچىگە قىرىق ـ ئەللىكتىن ماچاگىزا تۇگۈپ، ئۇ ماچاگىزنى خۇرجۇڭغا قاچىلاپ، شۇ ئۆلگەن ئۆلۈكنۈڭ بېشىدىن چۆرۈپ خەققە تاشلاپ بېرەدو. ئۆيدىن چىقىپ توبۇتقا ساپ تاكى مەقبىرەتكە يەتكۈچە، خەققە شۇ ماچاگىزنى چېچىپ بېرەدو، خۇرجۇنى تۆگەدە قالادو. مەقبىرەتلىككە بارغاندىن كېيىن ئۇ ئۆلۈككە ناماز قىلادو ھەممە خەق. ناماز ھەققىگە ئەلەم ئاخۇن تۆگە، ئىگەر، يۇگەنلىك ئات، كالامى شېرىپ، مىلتىق، توققۇز بوپا ئېگىن، نامازنى تۇشۇرۇپ ئالادو. ئۆلۈكنى بىرىنچى كۈندىن تارتىپ ئۈچىنچى كۈنگەچە قويادو. ئەر، خوتۇن ئۆلۈكنى ئەرلا چىقارادو. ئۆلۈكنى كۆمەدۇغان جايغا خوتۇن ئۆلسىما، ئەر خەقلا بارادو، خوتۇن بارمايدو. ئۆلۈكنى ئۆيدىن چىقارغاندا بۇرۇن پۇتىنى چىقارادو. ئۆلۈكنى توبۇت تاختاغا سېلىپ، ئۈستۈندە توبۇت يىغاچىنى تۇرغۇزۇپ قويادو.

ئۆلۈكنى توبۇتقا سەپ يۈرۈگەندە ئەگگەل بېشى يۈرۈيدو، پۇتىنى ئولڭ چۆرۈلۈپ. يېتىپ بېرىپ ئۆلۈكنى كۆمەدو. توپىنى ئوغلى، ئوغلى بولماسا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇققىنى يەتتى كەتمەن سالادو؛ ئاندىن قالغاننى خەق سالادو. كۆمۈپ سەپ، بىر كەلامۇللانى ھەممىسى تامام قىلىپ خەق يانادو. ئەكىنزىزە ئاخشام بولسا، ناماز شام بىرلەن ئۆلۈك چىققان يەرگە نامازغا بارادو. يەتتى ئاخشام شۇ گاختا خەق نامازغا بارادو. يەتتى كۈنگەچە

www.uyghurkitap.com





ناماز ئۆتەيدۇ؛ يەتتى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىرىق كۈنگەچە ئەرتىلىكى بامدات نامازنى شۇ كىشىنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتەيدۇ. ئۆلۈكنىڭ يېنىدىمۇ، گۆرىنىڭ ئۈستىدىمۇ بىر نېمە سالمايدۇ. گۆرنىڭ چۆرىسىگە تام قوپۇرىدۇ. يىلغىچە، زادى بەگلەر بولسا، ئۆلۈكنىڭ ئائىلىسىدە ھەر كۈنى كەلامۇللا ئوقۇيدۇ. ئوقۇغان ھەققىگە بەش سەردىن تارتىپ ئون سەرگىچە بىر ئايغىچە بېرىدۇ. يېمەكنى، ئاراقسىز ئاشنى خەققە بىر يىلغىچە بېرىدۇ، زادى بولسا؛ نامرات بولسا، يەتتىسىگىچە بېرىدۇ، ھەر كۈللۈكى. ئېرى ئۆلسە، تۇل خوتۇنى تۆرت ئاي ئون كۈندىن بۇرۇن ئەرگە چىقالمايدۇ. خوتۇنى ئۆلسە، تۇل ئېرى ئۆلۈكنى كۆمگەن كۈندىمۇ خوتۇن ئالىدۇ. تۇل كىشىنىڭ كىيىدىغان ئىگىنى ھەممىسى باشتىن ئاياقىچە ئاق بولىدۇ. شۇ ئىگىننى قارىلىق چاپان دەپ ئاتايدۇ.

پۇخرا زادى بولسا، يۈز سەردىن تارتىپ ئىككى يۈز سەرگىچە ئىسقات بېرىدۇ. بۇ ئىككى يۈز سەر بەرگەن كىشىنىڭ ئىسقات پۇلىنى يۈز سەرىنى ئىككى قازى ئەپكېتىدۇ، قالغان بىر يۈز سەرىنى ئاخۇن موللىلار، ئەل جامائەت بۆلۈشۈپ، ئىسقاتنى ئالىدۇ. ئىسقاتنى ئالغاندىن كېيىن ئۇ ئۆلگەن ئۆلۈكنى يۇيۇپ تارەت ئالدۇرىدۇ. تارەت ئالدۇرغۇچە موللىلار تۈنۈگىگە چىقىپ ئوقۇغان بولسا، بىر جۈپ چوڭ چىنا، بىر جۈپ كىچىك چىنا، بىر جۈپ سىركايا، بىر داسقان ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆلۈكنى ئاپچىقىدۇ. بايا ئېيتقان قايدا بىرلەن ئۆيدىن چىقىرىپ ئۆلۈكنى كۆمىدۇ. ئۆلۈكنى كۆمۈپ كەتكەندىن كېيىن گۆرنىڭ تۆرت سىڭىرىدە تۆرت موللا ئوقۇيدۇ. بەگلەرنىڭكىدە ئاخۇنلار ئوقۇيدۇ. بۇ ئۆلۈكنىڭ ناماز ھەققىسىگە تون، جۇبا، چامچا، پوتا، بۆرك قويىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆيىگە بېرىپ، زادى كىشى بولسا، ئىككىدىن تارتىپ ئۈشكىچە موللىلار كەلامۇللا ئوقۇيدۇ. يەتتىسىدىن تارتىپ قىرىق كۈن بولغۇچە ئۈچ موللا كەلامۇللا ئوقۇيدۇ. بۇ ئۈچ موللىنىڭ يەيدىغان تامىقىنى، يەيدىغان يېمەكلىكىنى، ئوقۇغان ئىجارىسىنى بەش سەردىن تارتىپ ئون سەرگىچە بېرىدۇ. بۇ ئۆلۈكنىڭ پۇلى كۆپ بار بولسا، ئوغلى، قىزى بولماسا، پاشالىققا ئاپكېتىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ خوتۇنى، تۆرت ئاي ئون كۈن بولسا، ئەرگە چىقىدۇ؛ خوتۇنى ئۆلگەن بولسا، ئېرى قاي گاختا بولسىمۇ خوتۇن ئالىدۇ. مەگەر ئۆلۈكنىڭ ئوغلى، يا قىزى بار بولسا، مۇنۇڭ پۇلىنى ھېچ كىم ئالالمايدۇ. ئۆلۈكنىڭ ئوغلى خوتۇن ئالىدۇ، قىزى ئەرگە چىقىدۇ، بەگلەرنىڭمۇ ئوخشاش، پۇخرانىڭمۇ ئوخشاش، قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن.

## مۇشۇ گاختا ئۆلۈكنى كۆمگەننىڭ بايانى

مۇشۇ گاختا بەگلەرنىڭ، پۇخرانىڭ ئۆلۈك كۆمگەنى ئوخشاش بولىدۇ. گادايلار ئۆلسە، ئۆلگەن گادايىنىڭ نېمەرسىسى بولماسا، مۇنى پاشالىققا ئاگلاتسا، ماتاسىنى پاشالىقتىن بېرىدۇ. مۇڭا ئىسقات ئالمايدۇ، ئوقۇغان موللىلار ئىجارە ئالمايدۇ. بۇ گادايىنىڭ ئولتۇرغان ئورۇنلىرىنى پاشالىققا ئاپكېتىدۇ، ئوغلى، قىزى يوق بولسا؛ ئوغلى، قىزى بار بولسا پاشالىققا ئالمايدۇ. بەگلەرنىڭ ئۆلۈك كۆمگەنى ئىلگەركى رەسىمگە ئوخشاش تۇرۇر.

## ئۆلگەن ئادەمنى كۆمگەنى

(نايخان، تۇرپان لوگۇچەن، 1892-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى)

بىزنىڭ كۆمگەنىمىز، قاشقار، ياركەندىن تارتىپ چىقتىمغىچە ھەممىسى بىر رەسىمدەدۇر. ئەر كىشىنى ئۆرگەيدىغان كەپەننى ئۈچ قات قىلىدۇ، مەزلۇم كىشىنى بەش قات ئۆرگەيدۇ. ئەر كىشىنى ئەر كىشى يۇيىدۇ، مەزلۇم كىشىنى مەزلۇم كىشى يۇيىدۇ. مەزلۇم كىشىنىڭ چېچىنى تاراپ ئايلىغا ساپ قويىدۇ. مەزلۇم كىشىنىڭ، ئەر كىشىنىڭ ئىككى بارمىقىنى، ئىككى ئايىغىنى ھاسا بىرلەن تەڭ چىگەدۇ. جىنازاغا خوتۇننى، ئەر كىشىنىمۇ ھېمىشە ئەر خەق سالىدۇ؛ گۆرگەمۇ ئەر كىشى سالىدۇ، تولىسى تۆرت كىشى بولىدۇ. ئۆلۈكنى گۆرگە ھېمىشە پۇتى بىرلەن ئاپارىدۇ؛ ئاپىرىپ يېرىم يېنىچە سىلىپ، ئۈزىنى قىلۇىگە قارىتىپ ئېچىپ قويىدۇ، بېشىنى شىمال تەرىپىگە قاراتىدۇ، پۇتىنى جۇنۇپ تەرىپىگە قارىتىپ قويىدۇ. ئۆلۈكنى ھەر گىز تولا تۇتماي يا ئۆلگەن كۈندە يا تاڭنەرتىسى كۆمىدۇ. ھېچ ئىلاجى بولماغاندا ئۆلۈكنى ئۈچ كۈندىن زىيادە ئۆيدە تۇتقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ خەق مۇشۇكتىن تولا قورقۇپ مۇشۇكنى ئۆلۈكنىڭ ئۆيىگە كىر گۈزمەيدۇ، سىيىپ قويماسۇن، دەپ. يەرگە سالغاندا يېقىن ئادىمى، ئاتىسى، يا ئوغلى، يا دوستى ساناپ يەتتى كەتمەن يەر تاشلايدۇ؛ ئاندىن ھەممە خەق يەر تاشلاپ كۆمۈپ قويىدۇ. يەرنى كولاپ يېنىدا يەرنى مانتاپ ئويۇپ شۇنۇڭغا ئۆلۈكنى سالىدۇ. ئۆلگەن كۈندە

ھەممە خەق ئۆلۈكنىڭ گۆرىگە قاراپ رەكەت قىلماي ناماز ئۆتەيدو. ئۆلگەن كۈنى خەققە ئاش بەرمەي كەلاموللا بىرەدو، تاگار - كىمخاپلار، يا بۆز - ماتالار بىرەدو، ئۆلۈكنىڭ گۇنالىرىنى كۆتەرسۇن، دەپ. ئاشنى ئۈچ كۈندە ئازاراق ناماز شام مەلدە، يەتتىنچى كۈندە چوڭ ئاش بىرەدو، قىرىق كۈندە يەنە ئاش بىرەدو؛ قىرىق كۈن توشقۇچە يىقىن ئۇرۇق - تۇققاللىرى ئىلگەركى زاماندا قارا ئىچىل كيەدۇغان رەسمى بولغان. موشۇ گاختا ھەممىسى ئاق كيگىلى باشلىدى، ختايدىن ئېلىپ شۇ رەسمىنى. قىرىق كۈن توشقاندا ئاق ئىچىلنى يۆرتكەيدو. ئېرى ئۆلسە، خوتۇنى ئالتاي يىگىرمە كۈنگەچە ئەرگە تەگمەيدو؛ خوتۇنى ئۆلسە، ئېرى قىرىق كۈنگەچە خوتۇن ئالمايدو؛ يامان خەق خوتۇنى ئۆلۈپ بىر كۈن بولغاندىما خوتۇن ئالادو. چوڭ ئوغلى، چوڭ قىزى، يا ئاتىسى ئۆلسە، يا ئانىسى ئۆلسە، قىرىق كۈنگەچە خوتۇن ئالمايدو، قىزى ئەرگە تەگمەيدو. مەن ئاڭلاغاندا قومۇللۇق خەق ئاغزىغا، بۇرنىغا، ئىككى قۇلىغىغا تۆرت دانىدىن، ئۈچ دانىدىن گۆرۆچ تىقىپ قويادو. بىز شۇنداق رەسمىنى يامان كۆرۈپ گۆرۆچنى سالمايمىز. بىزنىڭ خەق باشقىلارنى ياخشى كۆرۈپ خەقنىڭ رەسملىرىنى تۇتقىلى باشلىدى، ئاق ئىچىل كيگەنىما ختاي رەسمىسدۇر. ئۆلگەن كۈنى ئون جىڭچە ئۈزۈم، ئوندىن يۈزگەچە يىڭنە ئېلىپ، يىپىنىما ئېلىپ، ئۈزۈمنى كىچىك باللارغا، يىپ - يىڭنىنى مەزلىملەرگە بىرەدو، ئۆلۈكنىڭ ئۆتنەگە ئالغان پۇلىنىڭ ئورنىغا دەپ. شۇ نەرسەلەرنى ئېلىپ ئۆلۈكنىڭ ئۆتنىسىدىن كىچەدو. ئەر خەققە ئۈزۈم، نان بىرەدو ئۆلگەن، كۆمگەن كۈنى.

## ئىلگەركى زاماندا توي قىلغاننىڭ بايانى

(ئابدۇللاھ كا، قومۇل، 1892 - يىلى 2-ئاينىڭ 1 - كۈنى)

چوڭ سىپالار توي قىلۇر بولسا ئەگگەل مىلىنى گەپلىشدۇ. ئون قويمۇ، ئون بەش قويمۇ، ئىگىرمە بولسا، يىگىرمە قوي، مۇنۇڭ ماتاسى توگار، دۇردۇن، ئىنىڭ ئىچى خانەنچو، ئىنىڭ ئىچى مەنچو، ئىنىڭ ئىچى دا بۇ. بۇلارنى بىرىپ ئەمدى توي تارتادۇغان كۈننى توقتاتادو. ئىكىن كىشى چىرلايدۇ؛ چىرلاپ توي قىلادو. توي قىلغان كۈنى چىرلاغان خەق ھەممىسى بارادو. ھەممىسى بىرىپ ئاخۇن نىكاھ قىلادو. نىكاھ قىلغان كۈندە ئاخشاملىغى قىزنى ئاپىرىپ يىگىتكە بىرەدو. كىچىسى قىز تەرىپىدىن تۆرت - بەش خوتۇن، تۆرت - بەش ئەر، ھەم شۇنچىلىك يىگىت تەرىپىدىن يىغىلىشىپ، ئاراق ئىچىپ، نەغمە قىلىپ، ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزادو. قىزنى شۇ كىچىسى يىگىتكە تۇشۇرۇپ بىرەدو. ئەرتىلىگى شۇ ئىككى تويىنىڭ ئىگىسى نەغمە قىلىپ خوشال بولۇشۇپ، بىر بىرىگە رەھمەت ئېيتىشىپ، تەزىملەر قىلىشىپ يانادو. كيىن ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈپ، يىگىتنىكىدە توي قىلىپ خەقنى ئاپارادو. يەنە ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈپ، يىگىت كىشى چىرلاپ، قىزنىكىدە ئاپارادو. يەنە ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈپ يەنە قىز كىشى چىرلاپ يەنە يىگىتنىكىدە ئاپارادو. يەنە ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇق - تۇغقان، خايى خولۇم - خوشنالىرىنى چىرلىشىپ يىگىتنىكىدە بارادو. يىگىت يەنە شۇنداق خايى خولۇم - خوشنا، خايى ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى چىرلاپ ئاپىرىپ، شۇ كۈنى ھەممىسى مىنەن تونۇشۇپ تۈگەشەدو. ئىنىڭدىن كيىن يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكۈزۈپ، شۇ يىگىتنى، يىڭى بولغان جۇگاننى قىزنىڭ ئاتاسى - ئاناسى چىرلاپ ئاپكىلىپ، ئاش يۇدۇرۇپ خوشاللىق مىنەن ياندۇرادو. ئىنىڭدىن كيىن يىگىتنىڭ ئاتا - ئاناسى ھەم شۇ قاتارلىق چىرلاپ ئاپىرىپ، ئاش يۇدۇرۇشۇپ يىنىشادو. ئىنىڭدىن كيىن قىزنىڭ ئاتا - ئاناسى يىگىتنىڭ ئاتاسىنى، ئاناسىنى چىرلاپ ئاپىرىپ، بىر - بىرىگە يىڭى ساپا كەيگۈرۈپ ياندۇرادو. ئارىسى نەچچە كۈن ئۆتكەندە قىزنىڭ ئاتاسى - ئاناسى ھەم شۇ يىگىتنىڭ ئاتاسىنى، ئاناسىنى چىرلاپ كىلىپ ئاش يۇدۇرۇشۇپ، يىڭى ساپا كەيگۈرۈشۇپ ياندۇرادو. قىزنى يىگىتكە تۇشۇرگەن گاختا يىگىت قىزنى كۆرەدو، شۇنۇڭدىن بۇرۇن كۆرمەيدو، قىزما يىگىتنى كۆرمەيدو. ئارىسدا يۈرگەن كىشىگە باش - ئاياق كەيگۈرەدو ئىككى تەرەپتىن. يىگىتكە خوتۇن ئالماقنى، قىزنى ئەرگە بەرمەكنى ئاتائانالىرى گەپلەشەدو، قىزدىن، يىگىتتىن گەپ سۇرامايدو. بەرگەن تويلۇق قىزدا قالادو.

## تويدا سالام ئىيتقىنى

(بوسۇق نىياز، قومۇل، 1892 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

نىكاھ بوپ كەتكەن كۈندە خوتۇن ئالغان يىگىتنىڭ ئورنىدا بىر يىگىت قىزنىڭ ئاتا - ئاناسىغا كىلىپ ئۈچ سالام بىرەدو: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كۈيۆئوغۇل سالام بەردى! مۇرات - مەقسۇت ھاسىل بولسۇن!»، قىيىن

www.uyghurkitap.com



ئاتا ـ ئانا: «ئىنشاھ ئاللا، مۇبارەك بولغاي، ئۆيۈڭۈزلەر ئۆي بولغاي، مۇرادىڭىزلار ھاسىل بولغاي» دەيدو. ئاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئەلچىسى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كۈيۈئوغۇل سالام بەردى»، قېيىن ئاتا ـ ئاناسى: «ئىنشاھ ئاللا، ئېيتقىنىڭىزدەك بولغاي! بەش ئوغۇللۇق، ئىككى قىزلىق بولغاي» دەيدو. ئېكىن يىگىتنىڭ ئەلچىسى ئۈچۈنجى سالام بېرەدو: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كۈيۈئوغۇل سالام بەردى» قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ئېيتادو: «ئىنشاھ ئاللا، توققۇز ئوغۇللۇق بولغاي، بىر قىزلىق بولغاي» دەيدو. يىگىتنىڭ ئەلچىسگە قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا بىر ياغلىق بېرەدو. شۇ ياغلىقنى بىز سالام ياغلىغى دەيدىبىز.

### توي قىلۇرنىڭ بايانى

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)

ئوغۇل ئۆيلەر بولسا، بىرىنىڭ قىزى بويىغا يەتسە، بىرىنىڭ ئوغلى يىگىت بولسا، بۇ يىگىت بىرلەن قىز كۆڭۈل تېپىشىپ بىر بىرىگە پسەنت بولسا، ئېنىڭ ئاتا ـ ئانالىرى ئاڭلۇرلەر. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى قىزنىكىدە بارۇرلەر. قىز ئىگەلەرىگە يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى، ئورنىدىن قوپۇپ «بىزنىڭ ئوغلۇمۇز يىگىت بولدى، سىزلەرنىڭ قىزىڭىزلارما تولا ياخشى قىز بولۇپتو! بىزنىڭ ئوغلۇمىزنى بالا قىلىپ ئالۇرمىكىن دەپ كەلدۇك!» دېگەندىن كېين، قىزنىڭ ئاتل ئانىسى ئەيتۇر: «تولا ئابدان! سىزلەرنىڭ ئوغلۇڭىزلار يىگىت بولغان بولسا بىزنىڭ قىزىمىز سىزلەرگە پسەنت بولغان بولسا، ئىرادە بولسا، بولۇر» دەرلەر. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى تېخى ئورنىدىن قوپۇپ قول باغلاپ: «ئانداغ بولسا، بىزگە كېلەدۇرغاڭغا يول بارمۇ، يوقمۇ؟» دەپ سۇرۇرلەر. قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى قىزنى بېرەدۇرغان خىيالى بولسا «يول بار» دەرلەر؛ ئەگەر بەرمەيدۇرغان خىيالى بولسا، «بىر يىل توقتا!» دەرلەر. مەگەر «كېلىڭلەر!» دېسە، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى ئۆز ئۆيىگە بېرىپ، بىر تاباق ئاش مانتۇ (مەنتى) قىلىپ، بىر توققۇز نان ئېلىپ، مېچىتلىگدىن ئىككى ئەر، ئىككى خوتۇن قىزنىكىدە يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى ئۈچۈن ماقۇل بولغاڭغا يوسۇن قىلىپ بارۇرلەر. يىگىت تەرەپىدىن بارغانلار ئەيتۇر قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا «سىزلەرنىڭ ماقۇل بولغىنىڭىزلارغا خوش بولۇپ چاي ئىچۈرۈپ قويغىلى كەلدۇك!» دەرلەر. بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى بىرلەن ئولتۇرۇپ، چاي ئىچىپ بولۇپ، يىگىتنىڭ تەرىپىدىن كەلگەللەر ئورنىدىن قوپۇپ: «ئەمدى بىزگە قاچان رۇخسەت بولسا، مۇندا كېلىپ توي ئاڭنى سېلىشساق» دېسە، قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى «ئانداغ بولسا، ياخشى كۈللەردە كەلسىڭىزلەر بولۇر» دەپ جۇگاپ بېرۇرلەر. ئاندىن بۇ يىگىت تەرىپىدىن كەلگەللەر ئۆيىگە يېنىپ بېرىپ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا «بىز تولا ئابدان بېرىپ كەلدۇك! ئەمدى كۈننىڭ ئابدان (ئامدان) كۈنىدە توي سالادۇرغان بولۇپ كەلدۇك!» دەپ ئېيتىپ قويۇرلەر. بۇ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى، ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولغاندا، مېچىتلىك ئىمام، مەزىن، ئۈچ ـ تۆرت ئەر كىشنى، ئۈچ ـ تۆرت مەزلىم كىشنى، يەنە بىر خون توقاچ ئېلىپ، يەنە بىر تاباق ئاش مەنتى قىلىپ، قىزنىڭ ئاناسىغا بىر كىيىملىك، ئاتىسىغا يەنە بىر كىيىملىك ئالۇرلەر. بۇ مېچىتلىك قۆملىرى بىرلەن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى قىزنىكىدە بىرلە ئېلىپ بارۇرلەر. قىزنىكىدە بېرىپ، بۇ ئېلىپ بارغان ئادەملەر بىرلەن بىرلە كىرىپ، قىزنىڭ ئانا ـ ئاتاسى يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسىنى «ئولتۇرۇڭلار» دېمەگۈنچە ئولتۇرماسلەر: «ئولتۇرۇڭۇزلەر، ئولتۇرۇڭۇزلەر» دەپ تولا سۆزلەر قىلغاندا ئاندىن ئاياقتا ئولتۇرۇر. بۇ كەلگەن مېچىتلىكلەر قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا «سىزلەر بىرلەن بۇ كۈن توي سېلىشقىلى كەلدۇك!» دېسە، قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى تولا ئابدان بولۇر!» دەپ، ئۆزنىڭ مېچىتلىگدىن ئىمام، مەزىن تۆرت ـ بەش كىشنى ئاپكەلۇرلەر. ئاندىن بۇ ئىككى تەرەپ ئولتۇرۇپ، مەسلىھەت بىرلەن «تويىنىكى باھاسىنى ئېيتشىنى!» دەپ يىگىتنىڭ تەرىپى ئەيتۇر قىزنىڭ تەرەپىگە: «سىزلەر بالا تۇغۇپ، چوڭ قىلىپ، بىزگە بېرەدۇرغان بولغاندىن كېين سىزلەر قانچا ئېيتسىڭىزلەر ھېيىپ ئەمەس! سىزلەر تويلىغنى ئەگگەل ئېيتىپ بەرسىڭىزلەر، بىزمو ئاڭلاپ باقساق؛ ئاندىن بىز بىر سۆز قىلساق» دەرلەر. ئاندىن قىزنىڭ تەرەپىدىكى مېچىتلىك قۆملەر قىزنىڭ كىيەدۇرغان ئەڭىگە يازلىق، بېشىغا ئۆي ئىچلىك مەخمەل دۇپپا، مەيماللىغىغا تالاغا بارۇردا كىيىدىغان دۇپپىسىغا كىمخاپ، كۆڭلىگىگە تالالىق دۇردۇن سالۇرلەر، شايى سالۇرلەر، تېخى بىر كۆڭلەكلىك

شەلپەر؛ قىشلىق ئەڭگە ئايغىغا بىر كەش - مەسە، بېشىغا بىر قاملىق تۆپە، بىر تابار تون، تېخى بىر شاھى تون، دۇردۇن جەجمەگلىك، بىر قۇر ئۇرۇن - يوتقاللىق سالۇرلەر. بۇلار ھەممىسى قىزنىڭ كىيىملىك تويلۇق ئەڭنى بولۇر. ئېشى - سۈيىغا، زادەر بولسا ئىككى كالا، ئون قوي، ئىككى دادەن بۇغداي، بەش كۇرە گۇرۇچ، بىر چاي، بىر كۇرە گۇنجۇت؛ قالايدۇغان ئوتۇنىغا ئون بەش ئارابا يانتاق سالۇرلەر. تويلۇغنى سېلىشىپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆيلىرىگە يېنىپ كېتەرلەر. يىگىتنىڭ ئاتا - ئاناسى توي جابدۇغنى راست قىلىپ، قىزنىڭ ئاتا - ئاناسىغا «تەييار بولدۇم» دەپ خەبەر بېرۇرلەر. قىزنىڭ ئاتا - ئاناسى يىگىتنىكدە ئىككى كىشى ئىبەرۇرلەر. بۇ ئىككى كىشى بېرىپ قوي، كالا، بۇغداي ئاشلىغنى، يىگىتنىڭ تەرەپىدىن يەنە ئىككى كىشى قېتىلىپ، بۇلار تۆرت كىشى بولۇپ، توي جابدۇغنى قىزنىكدە ئاپكەلۇرلەر. ئاندىن قىزنىڭ ئاتا - ئاناسى «كۈننىڭ ياخشىسى ئابدان كۈللەردە توي قىلنى» دەپ جابدۇق ئېتەرلەر. ئاندىن ئاي - كۈننىڭ سائىتىگە قاراپ «يىگىتنىڭ ئاتاسى كەلسۇن» دەپ خەبەر بېرۇرلەر. كۈننىڭ ياخشى كۈندە توي قىلماقچى بولغاندا يىگىتنىڭ تەرەپىدىن بىر كىشى ئىۋەرۇرلەر. بۇ كەلگەن كىشى قىزنىكى ئاتا - ئاناسىنىڭ ئاش يەيدۇرغان مەيماللىرىنى چىرلاپ بېرۇرلەر. توي قىلادۇرغان بىر كۈن ئەگگەل ماللىرىنى ئۆلتۇرۇپ «ئەرتە توي بولادو» دېگەندە شۇ ئاخشمى تويىنى باشلايدو. توي باشلاغان ئاخشمى يىگىتنىڭ تەرەپىسدىن بىر ئەر كىشى، بىر مەزلىم كىشى، قىزنىكدە بىر تاباق ئاش ئاپكەلۇر. ئۇ ئاخشمى ئاپكەلگەن ئاشنى «قىزنىڭ دېمى» دەرلەر. يىگىتنىڭ ئۆيىگە مېچىتلىك قۆملىرى كېلىپ «مارەك بولسۇن، مارەك بولسۇن» دەپ بىر پىيالىدىن قۇرۇق چاي ئىچىپ يانۇرلەر. قىزنىڭ ئۆيىدىمۇ شۇ يوسۇندا چاي ئىچۇرلەر. ئەرتىسى، تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بولغاندا، «بۇ كۈن نىكا» دەرلەر. يىگىتنى ئابدان ئاغاينىسى بولسا، شۇ ئاغاينىسى ھەممە تويغا كەلگەن ئاغاينىلىرى بىرلەن چىرلاپ ئاپىرىپ ئاش قويۇپ بەرگەننى «يىگىتنى قاچۇردى، قاچۇردى» دەرلەر. ئۇ يىگىت بۇ كۈنى قاچۇرغان ئاغاينىسىنىكدە بولۇرلەر. بۇ يىگىتنىڭ ئاتا - ئاناسى تويغا بارادۇرغان ئادەملىرىنى يىغىپ كۈن ئوتتۇرا

تۇش بولغاندا تويغا بارادۇرغان ئەر خەق، خوتۇن خەقلەرگە «چۆپ ئاش، چۆپ ئاش»دەرلەر. بۇ ئاشنى ئىچىپ ئاندىن توي كۆچۈرگىلى قىزنىكدە بارۇرلەر. بۇ ئەرلەردىن كېيىن يىگىت ئاغاينىلىرى بىرلەن «نىكاغا چىقامىز، نىكاغا چىقامىز» دەپ قىزنىكدە ئۇلار ھەممە كېلۇرلەر. ئاندىن بۇ يىگىتنىڭ ئاتا ئاناسى مەيماللىرى بىرلەن كېلىپ قىزنىڭ ئىشىگىگە تۇشكەندە قىزنىڭ ئىشىگنى مەھكەم ئېتىپ قويۇرلەر. بۇ ئىشىك ئاتقىنى «قابۇق باسقان، قابۇق باسقان» دەر. ئاندىن يىگىتنىڭ ئاتا - ئاناسى بۇ قابۇق باسقاللىرىغا يا بىر قوي، يا تۆرت - بەش ماتا بېرۇرلەر. ئاندىن قابۇقچىلار ئىشىكنى ئېچىپ بېرۇرلەر. ئىشىكنى ئاشقاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا - ئاناسى كەلگەن مەيماللىرى بىرلەن يىگىتنىڭ ئاتا - ئاناسىنىڭ مەيماللىرىنىڭ ئالدىغا چىقۇرلەر. قىزنىڭ تەرەپىدىن ئۈچ - تۆرت خوتۇنغا كاكچا نان سېلىپ، يەنە بىر خوتۇنغا ئۈچ - تۆرت سىركايا ئېلىپ چىقار. بىر سىركايىنىڭ ئىچىگە تۇز قويۇپ چىقار، بىر سىركايىنىڭ ئىچىگە سۈت قويۇپ چىقار. بۇ يىگىت تەرەپىسدىن كەلگەن مەيماللار، خايى ئەر، خايى خوتۇن، بۇ ئېلىپ چىققان كاكچا ناندىن بىرە پارچا، بىرە پارچا قولىغا ئېلىپ، ئاندىن پىيالە قويغان خوننىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ خەقلەر قولىدىكى نانلىرىنى سۈتكە مېنىپ ئاغزىغا شورارلەر. تېخى سىركايادىكى تۇزغا، ئەر بولسامۇ، مەزلىم بولسامۇ، ئون قولىنىڭ سىنچىلىغنى مېنىپ ئاغزىغا شۇرۇرلەر. بۇ قايدالارنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ يىگىت تەرەپىسدىن كەلگەن مەيماللارنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرۇر. ئۆيىگە كىرگەندە، ئەگگەل بىر قۇر قۇرۇق چاي تۇتۇر. ئېنىڭ كەيىندىن يېمىش قويۇرلەر؛ يېمىشنى يەپ بولغاندا ئىككى تەرەپنىڭ خوتۇللىرى «بوقچا كۆرىمىز» دەپ بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرۇرلەر. ئاندىن يىگىتنىكى سالغان تويلۇغنى بۇ مەزلىملەرگە كۆرگۈزۇرلەر. قىزنىڭ ئانىسى قىزىغا جابدۇغان ئەڭنى ئاپچىقىپ يىگىتنىڭ مەيماللىرىغا كۆرگۈزۇرلەر. ئاندىن بۇ تويلۇقلارنى كۆرۈپ بولغاندا قىزنىڭ ئاتاسى بىر سەللە پېرىجە تەييار قىلۇر. قىزنىڭ ئاناسى بىر شەلپەر ياغلىق، بېشىغا بىر بۆرك، بىر ئىشتان - كۆڭلەك، بىر بەلباغ تەييار قىلىپ، بۇلار جابدۇغان ئەڭنى ئىشككە ئاپچىقىپ يىگىتكە كىيگىزىپ

قويار. ئاندىن يىگىت تەرىپىدىن كەلگەن مەيماللارغا ئېشنى بېرۇر. ئەر خەقلەر ئېشنى يەپ كېتەر، مەزلۇم خەقلەر بۇ توينى كۆچۈرۈپ قىزنى ئاراباغا سېلىپ ئاپكېتەرلەر. ئاندىن كۈن كەش بولغاندا ئېلىپ بارغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاپكىرىپ قويۇرلەر. قىزنىڭ تەرىپىدىن بىر ئەر كىشى، بىر مەزلۇم كىشى ئۇۋەرۇرلەر «قىزىمىزنىڭ ئامانىتىنى يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا ھەم يىگىتكە تاپچۇرۇپ بېرىڭلەر » دەپ. ئاندىن تۈن يېرىمى بولغاندا يىگىتنىڭ ئۆيىدىكى ئۇششاق يىگىتلەرنى يىگىتنىڭ ئاتا ـئاناسىنىڭ ئۆيىگە ئاپچىقىپ مەيمان (مېھمان) قىلۇرلەر. ئاندىن بۇ يىگىتنىڭ قېشىدا «يىگىت يەڭگىسى» دەپ بىر مەزلۇم تۇرۇرلەر. قىزنىڭ يېنىدا يەنە بىر مەزلۇم تۇرۇرلەر، ئېنى «قىزنىڭ يەڭگىسى»دەرلەر. يىگىتنىڭ ئۆيىدە ھېچ كىم قالماغاندا قىز بىرلەن يىگىتكە ئابدان غىزا ئاپچىقىپ يېدۇرۇرلەر. بۇ غىزانى يەپ بولغاندا بۇ ئىككى مەزلۇم ئىشىكنىڭ تېشىغا چىقىپ تۇرۇرلەر. يىگىت بىرلەن قىز غىزا يەپ بولغاندا بۇ ئىككى يەڭگە قىزنىڭ يىگىت بىرلەن ياتادۇرغان جايىنى ئابدان سېلىپ بېرۇرلەر. قىزغا قىزنىڭ يەڭگىسى، يىگىتكە يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئۈيىتىپ قويۇرلەر: «تامغىنى ئابدان ئېلىپ قويۇڭلار» دەپ ھەر ئىككۈلەڭگە ئۈيىتىپ قويۇپ ئىشىكنىڭ تېشىغا چىقىپ تۇرۇرلەر. ئاندىن بۇ ئىككى يەڭگەگە بىردىن كيىملىك ئېڭىل بېرۇرلەر. ئۇ كېچىسى تالڭ ئاتقۇنچە «خۇشاللىق تويى» دەپ مەشرەپ قىلۇرلەر. ئاندىن، توي ئۈچىنچى كۈن بولغاندا، يىگىتنىڭ تەرەپىدىن ئىككى ئەر، ئىككى مەزلۇم قىزنىڭ ئاناسىنىكىدە بارۇرلەر. بۇ بارغىنىنى «نېمە ئىش» دېسە، «چۆچۈرەگە بارغىنى» دەرلەر. ئاندىن قىزنىڭ ئاناسى «ئۆز خولۇم قوشنىسنى چۆچۈرەگە چىرلاغىنىم» دەپ چىرلاپ كېلۇرلەر. ئاندىن بۇ خوشنالىرى بىردىن ئاق ياغلىق ئېلىپ كىرۇرلەر. ئاندىن كىرىپ چۆچۈرنى كىرگەن مەزلىملەر پۇشۇرۇپ يەپ «يىگىتنىڭ ھوجۇرىسىغا» دەپ بىر كۆزە چۆچۈرە ئاش ئېلىپ قويۇرلەر. ئاندىن يىگىت تەرەپىدىن كەلگەن ئىككى ئەر ئادەمنى بۇ قىزنىڭ ئاناسىنىڭ ئۆيىدە كەلگەن مەزلىملەر، ھەر تەرەپىسدىن كېلىپ، مەھكەم تۇتۇپ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئۈزىگە بىر مەزلۇم بىر سىقمىدىن ئۇننى سۈرۈپ قويۇرلەر. بۇ خوتۇللار بۇ ئىككى ئەرنىڭ ئۈزىگە ئۇننى سۈرۈپ قويالسا، مەزلىملەر ئۇتۇب ئالغىنى. ئاندىن بىر كۆزە چۆچۈرنى ئېلىپ يىگىت تەرەپىسگە يانۇرلەر. بۇ چۆچۈرنى ئاپىرىپ يىگىتنىڭ ھوجۇرىسىغا ئاپكىرىپ قويۇرلەر. بۇ يىگىتنىڭ دوست ـ ئاغاينىسى بىر كىشى بىردىن ئىككىدىن ماتا، بىر تاقىسى مۆگىسى بىرلەن كېلۇر. ئاغاينىلىرى يىغىلىپ بولغاندا قىزنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن چۆچۈرنى ئوتراغا ئېلىپ قويۇپ يىگىت بىرلەن قىز، بۇلارمۇ ئوتراغا ئۆتتۇپ، قىز قولىغا بىر چىنا، بىر قوشۇق ئېلىپ تۇرۇرلەر. يىگىت كۆزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ساپلىقنى قولىغا ئېلىپ، بۇ چۆچۈرنى سۇزۇپ قىزنىڭ قولىدىكى چىناغا قۇيۇپ بېرىپ تۇرۇرلەر. بۇ قىز چۆچۈرنى ئېلىپ بېرىپ يىگىتنىڭ ئاغاينىلىرىغا قوشۇققا بىردىن بىردىن ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ بېرۇرلەر. شۇ قايدادا يىگىت قۇيۇپ بېرەرلەر. قىز ئېلىپ باشقا يىگىتلەرگە تۇتۇپ بېرۇرلەر. بۇ تويغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسگە چۆچۈرنى تۇتۇپ بولۇپ ئاندىن تۆرت دانە چۆچۈرنى ئېلىپ قالۇرلەر. بۇ قالغان تۆرت دانە چۆچۈرىدىن بىرنى ئېلىپ قىز ئۆز قولى بىرلەن كۆزىدىن ئېلىپ پىيالەگە سېلىپ قوشۇق بىرلەن يىگىتنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇرلەر. بۇ يىگىت بىر دانە چۆچۈرنى كۆزىدىن ئۆز قولى بىرلەن ئېلىپ قىزنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇرلەر. قالغان ئىككى چۆچۈرنى شۇ يوسۇندا قىلۇرلەر؛ بۇ يىگىت قىزنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېلىپ، بىر دانە چۆچۈرنى ئېلىپ قىزنىڭ يەڭگىسگە تۇتۇپ بېرۇرلەر. قىز يىگىتنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېلىپ، قالغان بىر چۆچۈرنى چىناغا سېلىپ، يىگىتنىڭ تەرەپىدىكى يەڭگىسگە تۇتۇپ بېرۇرلەر. يىگىتنىڭ ھوجۇرىسىنىڭ ئىچى بۇ قايدادا تۆگەرلەر. قىزنىڭ ھوجۇرىدىن ئاپچىقىپ ئۆزىگە چۈمبەت تارتىپ قويۇرلەر. قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى مەيماللىرى بىرلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بىر كۈن ئاش يەپ، قىزنى بىرلە ئېلىپ، كۆيئوغلىنى چىرلاپ قويۇپ يانۇرلەر. كۈن كەش بولغاندا بۇ يىگىت ئىككى ئاغاينىسى بىرلەن قىزنىكىدە بارۇرلەر. قىزنىكىدە بارغاندا قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئىشىك تۆبىسگە كېلىپ بۇ كەلگەن ئۈچ كىشى: «كۆيئوغۇل سالام بېرەدو، قورقامەن ئا» دېگەندە قېين ئاتىسى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئەيتۇر:

«قورقماسۇن، كىرسۇن!
توققۇز ئوغۇللۇق بولسۇن!

بىر قىزلىق بولسۇن!
كەش ياتار بولسۇن!
سەھەر قوپار بولسۇن!

تۆگۈنۈك ئاچار بولسۇن» دەپ قېيىن ئاتىسى جۇگا پېرەدۇ. ئاندىن كەلگەن بۇ ئۈچ كىشى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! خۇدا مارەك قىلسۇن» دەپ كىرۇر. ئاندىن بۇ ئۈچ كىشگە قىزنىڭ ئاناسى ئۈچ ياغلىق قويۇرلەر. بۇ ئۈچ كىشگە غىزا قويۇرلەر. غىزا يەپ بولغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى قىزنى ئاپچىقىپ كۈيئوغلى بىرلەن بىر داستۇرخاندا ئولتۇرغۇزۇپ، قىزنىڭ ئالدىدا بىر قۇر ئۆي جابدۇغى بېرۇرلەر. ئاندىن قىزنى كۈيئوغلىغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇرلەر. ئاندىن بۇ توي تۆرتۈنچى كۈنى بولغاندا يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىنى ئۇرۇق ـ قۇياشى بىرلەن چىرلاپ كېلۇر. ئۇ مەيماللارغا بىر كۈن ئاش قويۇپ بېرۇرلەر.

ئاندىن بەشىنچى كۈنى يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسىنى ئۇرۇق ـ قۇياشى بىرلەن چىرلاپ بىر كۈن ئاش قويۇپ بېرۇرلەر. قىزنىڭ ئانىسى يانار گاختا قىزنى خەقنىڭ ئوترىسىغا ئاپكىرىپ چۈمبىتىنى ئېلىپ ئاتۇرلەر. ئاندىن توي قىلغان ئىككى تەرەپنى «قۇدا، قۇدا» دەرلەر. بۇ تويىنى شۇ يوسۇندا قىلىپ بېرۇرلەر. كېلىن قېيىن ئاتىسىنىڭ ئېتىنى ئاتامايدۇ. قېيىن ئاتاسىنىڭ ئېتى باشقا ئادەمنىڭ ئېتىغا ئوخشاش بولسا، باشقا ئادەمنى ئېتىنى ئاتايدۇ. يىگىتنىكى ئاتا ـ ئاناسىنى قىز «ئەكەم، ئاپام» دەيدۇ. يىگىت قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىنى ھەم «ئەكەم، ئاپام» دەيدۇ. قېيىن ئاتاسىغا، قېيىن ئاناسىغا ئېلىشىپ بىرلە يۇرە بېرەر. ئۇزىنى ھەم ياپمايدۇ.

## قارا خوجانىڭ توي قىلغىنى

يەنە بىر مۇنچا ئادەملەر توي قىلسا، يىگىت بىرلەن قىز كۆڭۈل تېپىشىپ قالسا، بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى باشقا يەرگە بەرمەك بولۇپ قالسا، بۇ يىگىت بۇ قىزنى ئاپقېچىپ كېتەر. بۇ قىزنى ئالادۇرغان باشقا يىگىت قولىغا پىچاق ئېلىپ، ئۈچ كۆڭگەچىلىك ئىستەر. قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى قىزنى ئۈچ كۆڭگەچە ئىستەر. بۇ ئۈچ كۈن بولغۇچە، باشتا ئالادۇرغان يىگىت تېپىپ ئالسا، ئاپقاشقان يىگىتتىن تارتىپ ئالۇر. بۇ يىگىت تارتىپ ئالسا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا تويلۇق بەرمەي ئېلىپ كېتۇر. مەگەر قىزنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئاناسى تېپىپ ئالسا، باشتىكى يىگىتكە تويلۇق ئېلىپ بېرۇر. ئۈچ كۆڭگەچە ھېچ قاسى تېپىپ ئالالماسا،

ئاپقاشقان يىگىت بىر قۇر توي جابدۇغى ئېلىپ ئاتا ـ ئاناسى بىرلەن مېچىتلىگىنى ئېلىپ ناماقۇللۇقا كېلۇر. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا ئورنىدىن قوپۇپ قول باغلاپ تۇرۇپ «بىزنىڭ ئوغۇل يامان ئىشلەرنى قىلىپتو، ئەمدى ھەر قاچان بولسا، بىر ئەرگە بېرەدۇرغان بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ گۇناھىمىزدىن ئۆتسەڭلە» دەپ «بىز ناماقۇل» دەپ قول باغلاپ تۇرۇرلەر. قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى بىر مۇنچا ئاچچىغلىنىپ بۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۇر. ئاندىن ئىككى تەرەپ ياخشى بولۇشۇپ، بىر كۈن قىزنىڭ تەرەپىگە يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسى ئاش بېرۇر. ئاندىن بىر كۈن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا ئاش بېرۇر. ئېنىڭ كېيىن «قۇدا ـ باجا» بولۇشۇپ ئۆتەر. ئاپقاشقان تويىنكى قايدىسى شۇ دۇر.

## قارا تۆبىنىڭ توي قىلغىنى

(تۆمۇرخان، قومۇل، 1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

بىر ئەدەمنىڭ قىزنى بىر ئەدەمنىڭ ئوغلى كۆرۈپ ھەممە يىگىت ئاغاينىلىرى بىرلەن ئاخشام بولسا قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، نەغمە قىلىپ قاتار ماقام ئېيتادۇ؛ ئېيتالماغاننىڭ بۆركىنى داپقا سېلىپ چۆرەدۇ. قىز ئۇسۇل بىلسە، ئۇسۇل ئويناپ بېرەدۇ. شۇنداق ئون قانچە كۈن يۈرۈپ تويلۇق ئېلىشادۇ. ئەمدى تويلۇغىغا ئالتە پارچا رەخ، بىر تاغار بۇغداي، بىر بودا، بىر ئىككى قوي، بىر جىلىك چاي، قانچا يېمىش، ئون جىلىك ئاراق بېرەدۇ. ئەمدى تويىغا چىرلاغاندا ئىككىسىنىڭ ئاتىسى ئۆزلىرى ھەر ئۆيىگە بېرىپ يىگىتنىكىدە چىرلايدۇ؛ ئەگەر قىزنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولسا، قىزنىكىگە كېلەدۇ. نىكاغا يىگىتنىكىدىن قىزنىكىدە بارادۇ. شۇ كېچىسى «توي باشلايدۇ» دەپ تاڭ ئاتقۇچە نەغمە قىلىپ ئولتۇرادۇ. ئاراق ئىچەدۇغاللار ئاراق ئىچەدۇ، يېمىش ـ مۆگە يەيدۇغاللار يېمىش ـ مۆگە يەيدۇ. ئاشمۇ يەيدۇ، چايمۇ ئىچەدۇ ھەممىسى. ئەرتىلىگى نىكا قىلادۇ. نىكاغا بارغاندا قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن بارغان چوڭ ئەدەملەرگە تاقساغا ناننى، قوينۇڭ ئۈچۈگۈ ـ باشلىرىنى، يەنە بىر تاقساغا گۆرۈچ ئاپكېلەدۇ، بىر قارچۇغچە گۆش قويادۇ، ئۇششاقلىرىغا ئۈچ چوباتنىڭ ئۈستۈنگە بىر زەررە «نەرىن» دەپ قوينۇڭ ئۈچۈگۈسىدىن قىلغان نەرسىنى سالادۇ، بىر زەررە گۆرۈچ، بىر پارچا گۆش بېرەدۇ. يىگىت ئاغاينىلىرى بىرلەن تالادا تۇرادۇ. يىگىتكە تون، چامچا،

بىر ئۆتۈك، بىر پوتا، بىر بۆرك بېرەدۇ قىزنىڭ ئاتىسى. ئاخشىمى ئىككى جىڭ گاختىدا قىزنىكى ئۆيىدىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئورۇن سالغىلى ئىككى ئەر، ئىككى خوتۇن، يىگىتنىكىدىن ھەم ئىككى ئەر، ئىككى خوتۇن يىگىتنىڭ غوجۇرىسىغا ئورۇن سالغىلى كىرەدو. قىزنىكىدىن بىر ئورۇن، بىر يورتقان، ئىككى ياستۇق ئېلىپ كېلەدۇ، يىگىتنىكىدىنما ئوخشاش ئاپكېلەدو. بۇلار ئورۇن سېلىپ كېلىپ چېلىشادو. قىزنىڭ ئەدەملىرى زور چىقسا، ھەر گاختىدا يىگىت قىزنىڭ پەرمانىدا بولادو؛ يىگىتنىڭ ئەدەملىرى زور چىقسا، ھەر گاختىدا خوتۇن ئەرنىڭ پەرماندا بولادۇ. چېلىشقاندا، ئەر ـ خوتۇن بىرلەن چېلىشساما يا خوتۇن خوتۇن بىرلەن چېلىشساما، شۇنۇڭغا قارامايدۇ. ئورۇن ساپ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن قىزنى ئاراباغا ئولتۇرغۇزۇپ ـ ئۈچ تۆرت خوتۇن يىگىتنىڭ غوجۇرىسىغا تۇشۇرۇپ بېرەدو. قىزنىكىدىن بىر تۆش ۋە نەچچە نېنى بىرلەن، يىگىتنىكىدىنما بىر تۆش ۋە نەچچە نېنى بىرلەن ئېلىپ كېلىپ قىزنىكىدىن ئاپكەلگەن گۆشنى ئاستىندا قويۇپ، يىگىتنىكىدىن ئاپكەلگەن گۆشنى ئۈستۈندە قويۇپ كۆچۈرۈپ كەلگەنلەر يەيدو، ئۇششاق ـ ئۇششاق توغراپ ناڭغا ئېلىشتۇرۇپ يەيدو. قىزما، يىگىتما بۇ گۆشنى ھەم يەيدو. يىگىتنىڭ قولىغا قىزنىڭ قولنى تۇتقۇزۇپ «ئامانەت تېگىلدىمۇ ؟» دەپ خەق چىقىپ كېتەدو. بۇلار يىگىتنىڭ ئاتاسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالادو. كۆچۈرۈپ ئاپكەلگەن مەزلۇملەر يىگىتنىڭ ئاتاسىنىڭ ئۆيىدە تاڭ ئاتقۇچلىق مەيمان بولۇپ ئەرتىلىگى يانادو. قىز ساق چىقسا، بەلگىسىنى ياغلىقنى كۆچۈرگەن يەڭگەلەرگە بېرەدو؛ ساق چىقماسا، بىر چوباتنىڭ ئوترىسىنى ئويۇپ، چۆرىسىنى يەڭگەلەرگە كۆرسەتەدو. يەڭگەلىرى بۇچوباتنى ئاپىرىپ قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسىغا كۆرسەتەدو. قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى كۆرۈپ ئاچچىغى كېلىپ قىزنى يامان ئۇرۇپ سۇرايدو. ھەر كىم يۇققان بولسا، تويلۇقنى شۇنۇڭدىن ئېلىپ يىگىتكە بېرەدۇ؛ يىگىت قىزنى قويا بېرەدو، تويلۇغنى ھەم تۆلتىپ بېرەدو. مەگەر ساق چىقسا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى خوشال بولۇپ قىزغا قانچا ئىگىن ـ ئاياقلار قىلىپ بېرەدو. ئەرتىلىگى يىگىتنىڭ ئاغايىنلىرى ھەممىسى ئاراق، يېمىش ئېلىپ كېلىپ يىگىتنى مەيمان قىلادو. جۇگان ـ چوكەنلەر قىزغا يېمىش ئاپكېلەدو. بۇلار ھەممىسى نەغمە قىلىپ، پوتا ئويناپ ئاخشىمى يانادو؛ ئاراق ئىچىپ يېمىش يەپ يانادو.

قىزنىڭ ئاتا ـ ئاناسى بىرلەن يىگىت ئاتا ـ ئاناسى بۇرۇن گەپلەشكەندە يىگىت خوتۇن ئالادۇ، قىز ئەرگە چىقادو؛ قايسى گاختا بۇرۇن يىگىت بىرلەن قىز گەپلىشىپ كېيىن ئاتا ـ ئانالىرىدىن رۇخسەت سۇرايدو.

**تويدا قىز كۆچۈرگەندە ئەيتقان ناخشا (ھاي، ھاي يىلەلى)**

(بوسۇق نىياز، قومۇل، 1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى)

شۇ ناخشىنى بېھىشتە ھۆر قىزلىرى، پېرىشتەلەر ئەيتقان، ئادەمنى تۇپراقتىن سۇرەت قىلىپ جان كىرگۈزۈردە. ھېلى شۇ ناخشىنى بىز قومۇللۇق تويدا ئەيتادىبىز، بۆلەك گاختا مەيلىس قىپ ئويناغاندا ئەيتادۇ. تويدا قىزنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەرنىكىدە ئاپارغۇچە قىزنىڭ چۆرىسىنى مەزلۇملەر قاباپ، مەزلۇملەرنىڭ چۆرىسىنى يىگىتلەر قاباپ، خوتۇنلارما بۇ ناخشىنى ئەيتادۇ نەزمىلەپ، يىگىتلەرما ئەيتادۇ:

ئەگگەل باشلاپ خۇدانى يات ئېتەيىنىڭ، يارىيار
پەيغەمبەرلەر روھنى شات ئېتەيىنىڭ، يارىيار!
ئەگگەل دۇنيا يوق ئىدى، پەيدا قىلدى، يارىيار!
دوستى ھەبىپ خاتىرىدىن پەيدا قىلدى، يارىيار!
نەچەن تۇرلۇك تۇپراقنى كەلتۇردىلەر، يارىيار!
پالچىق ئېتىپ ئادەمنى سۇرەت قىلدى، يارىيار!
كەلتۇردىلەر روھنى، تىرگۈزدىلەر، يارىيار!
ئادەم ئاتا تىرىلىپ ئىمان ئەيتتى، يارىيار!
جۇملە ئالەم پەرىشتە ھەيران قالدى، يارىيار!
ئادەم ئاتا تىرىلىپ يالغۇز ئىدى، يارىيار!
ھاگا ئانا ئادەمگە لايىق ئىدى، يارىيار!
توي قىلماقلىق ئادەمدىن قالغان تۇرۇر، يارىيار!
بۇ توينىكى بىرىسى ئۆلۈم تۇرۇر، يارىيار!
ھەسەن بىرلەن ھۇسەين كەربەلادا، يارىيار!
لەبى تەشنە ئولتۇرۇر راھەت ئۇچۇن، يارىيار!
يۇسۇپ بىرلەن زۇلايقا مىسر ئىچىدە، يارىيار!
يوقتۇر تېڭى جاھاندا، مىسر ئىچىدە، يارىيار!
يۇسۇپ بىرلەن زۇلايقا قېرىدىلار، يارىيار!
ئىشق ئوتىنى ئالەمگە تېرىدىلار، يارىيار!
ئۇسۇپ بىرلەن زۇلايقا بولسا ئىدى، يارىيار!
ئاشىقلىقنى ئۇلاردىن سۇرسا ئىدى، يارىيار!
ھەق تائالا ئادەمنى تىرگۈزدىلەر، يارىيار!

ھۆر قىزلىرى بېھىشتە چىكىچىلىك ئەيتتى، يارىيار!
ھەق تائالا ئادەمنى ياخشى قىلدى، يارىيار!
چاچراپ ئۆتكەن جەرەننى سەككىز دەگلەر، يارىيار!
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى سىڭنىم دەگلەر، يارىيار!
قىزلار مىغۇ خىرامان يارى بىرلەن، يارىيار!
قىز ئاناسى يىغلايدۇ زارى بىرلەن، يارىيار!
ئەرگىم ـ ئەرگىم يوللاردا قىز كېلەدۇ، يارىيار!
قىزىل تونىنى يۆركىنىپ كىم كۆرەدۇ، يارىيار؟
يۆركەنمە قىز،يۆركەنمە، تويۇڭ بولدى، يارىيار!
ئالتۇن بىرلەن قۇرشۇدۇم ئۆيۈڭ بولدى، يارىيار!
ئاق ـ ئاققىنە توشقانلار قۇمدا ئوينار، يارىيار!
قىز ئالماغان يىگىتلەر تويدا ئوينار، يارىيار!
قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا، يارىيار!
قىز ئالماغان يىگىتنىڭ دەردى تولا، يارىيار!
قارا ـ قارا قارغالار خارماندادۇر، يارىيار!
قىز ئالماغان يىگىتلەر ھارماندادۇر، يارىيار!
يوك ئاستىندا قاچاگنى دات بېسىپتو، يارىيار!
ئاتاڭ بىرلەن ئاناڭنى غەم بېسىپتو، يارىيار!
سىڭنىم سېنىڭ قىلىغىڭ مىڭغا يېتەر، يارىيار!
ساچماقىڭنىڭ ساچىسى يەرگە تېگەر، يارىيار!
ھاي، ھاي يىلەڭ، ھاي يىلەڭ، باشلادىلار يارىيار!
گۈلنى ئېلىپ چىگمەگگە تاشلادىلار، يارىيار!

### سۈننەت توي قىلغىنى

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)

ئوغۇل بالا يەتتى ياشقا كىرگەندە سۈننەت قىلۇرلەر. سۈننەت قىلادۇرغان گاختا تولا ئاش ـ سۇلار قىلىپ، بىر كۈن ئەر خەقلەر قۇرئان ئوقۇپ، بىر كۈن ئاش بېرەرلەر. مەزلىم خەقلەرگە يەنە بىر كۈن ئاش بېرەرلەر. بۇ سۈننەت قىلادۇرغان بالىنىڭ ئۆزى بىرادەرلىرى بىرلەن ئات مىنىشىپ ئوينار. بۇ بالىنىڭ بېلىگە ئون توققۇز ياغلىق ئاسۇرلەر. بېشىغا داستار كىيگىزىپ داستىرىغا كۈمۈش قاش سانچىپ قويۇرلەر.

بۇ باللەر بىر كۈن ئات مىنىپ ئوينارلەر. بۇ توي بولۇپ ئۈچ كۈن بولغاندا خەتنە قىلادۇرغان كىشىنى قىشقىرىپ كەلسە، بۇ توي قىلغاللارنىڭ خولۇم ـ خوشنىسى تولا بولسا بىر سەر، بەش ـ ئالتى مىسقال، ئاز بولسا بىر ـ ئىككى مىسقال ئاپكىرىپ بۇ بالىنىڭ بېشىدىن چۆرۈلدۈرۈپ بۇ سۈننەت قىلادۇرغان كىشىگە قويۇرلەر. ئاندىن بۇ سۈننەت قىلادۇرغان كىشى تەييار بولۇپ تۇرۇرلەر. بۇ بالىنىڭ ئىشتان ـ كۆڭنىگنى سالدۇرۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا جوزا قويۇپ، ئۈستۈنگە يېڭى كىگىزدىن بىر پارچا كىگىز سېلىپ، بۇ بالىنى بىر ئادەم پۇت ـ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ جوزا ئۈستۈندە ئولتۇرۇرلەر. سۈننەتچى ئەكە ئەسپابىنى تەييار قىلىپ قويۇپ، بۇ مېچىتلىك قۆملەر جوزىنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ يەتتى قېتىم تەگبىر ئەيتۇرلەر. يەتتى قېتىم تەگبىر ئەيتىپ بولغاندا بۇ سۈننەتچى بالىنىڭ چوچىغىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ كىشى ئۆزى ئۈچ قېتىم تەگبىر ئەيتۇرلەر؛ تۆرتىنچى تەگبىردە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ كېسەرلەر. بۇ بالىنى ياتادۇرغان ئازايىغا ئاپىرىپ قىسقاچنى چىقىرىپ ئېلىپ، چوچىغىنىڭ ئۈستۈنگە ئەسكى پاختىنىڭ كۆيدۈرگەن كۈلىنى قويۇرلەر. بۇ سۈننەتچىنىكى قولى يىنىك بولسا، ئۈچ ـ تۆرت كۈندە ساقايۇرلەر. قولى ئېغىر بولسا، بەش ـ ئون كۈندە ساقايۇرلەر. بۇ سۈننەت توينى كىچىك بالىنىڭ خەتنە تويى دەرلەر. بۇ خەتنە توينى شۇ يوسۇندا قىلۇرلەر.

### نورۇزدىكى توي (رەسمى)

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)

بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆرتى نورۇز بولار. بۇ نورۇزنىڭ قايدىسى: ئادەملەر يېڭى ئېگىللار كىيەدۇ. ئۇلۇغ ئوردالاردا ناغرا ـ كارناي چالادۇ. ئۇششاق خەلقلەر نورۇز كۈنى يەيدۇرغان غىزاسىغا سومسا سالادۇ. ئۇششاق قىز، جۇگاللار، يىگىتلەر نورۇز كۈنى بىر كۈن كەشكىچىلىك مەيلىس ئوينايدۇ. چوڭ ئەمەلدارلار ئول كۈنى قىرغا چىقىپ ئۇرۇق چېچىپ «يىل ئۆرۈلدى!» دەپ كۈن قىلىپ قويار. ئاندىن كېلىپ نورۇز نامازى دەپ نورۇز كېچىسى تۆرت رەكەت ناماز ئۆتەپ يۇرتنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلۇر.

ئاندىن بۇ ئىشلەرنى يىل بېشى، نورۇز تويى دەرلەر.

### باراتتىكى توي (رەسمى)

بارات ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كېچىسى بارات بولۇرلەر. ئۇ كېچىسى ھەر ئادەم قازىنىغا توققۇز قىسما غىزا قىلۇرلەر. مەزلىم خەقلەر تۈننىڭ يېرىمىغىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ بارات نامازى دەپ ئون يەتتى رەكەت ناماز ئۆتەرلەر. تۈننىڭ يېرىمى ئۆتكەندە ئۇلۇغ مازارلارغا

www.uyghurkitap.com



بىرىپ يىغلاپ خەتمە ئوقۇپ مەزلۇملەر تەلەپ قىلۇرلەر. ئەر خەقلەر تۈننىڭ يېرىمىغىچە يىگىرمە يەتتى رەكەت ناماز ئۆتەرلەر. ئاندىن ئەر خەقلەرمۇ گۆرىستانلىققا بىرىپ تاڭ ئاتقۇچە خەتمە ئوقۇپ ياخشى ئەمەل تىلەپ يىغلار. بۇ بارات كېچىسى ئۇششاق باللار يىغاچلارغا (ياغاشلارغا) پاختا يۆرگەپ، ياققا بۇلاپ ئوت ئۇتاشتۇرۇپ بەش ئون بالا (ئوغۇل ـ قىز) بىر بولۇپ:

«بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟

ماڭا چەلپەك قويدۇڭلارمۇ؟»

دەپ كۆچە ـ كۆچەدە سۈرەن سېلىشىپ تاڭ ئاتتۇرار. بۇ قايدالارنى باشقا چاغدا ئەر خەق ھەم قىلمايدو، مەزلۇم خەق ھەم قىلمايدۇ، كىچىك باللار ھەم قىلمايدو. باراتنى روزا ئاينىڭ ئەگگىلدە، بارات ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كېچىسىدە قىلۇرلەر.

## سەرا دېگەن قايدا (رەسمى)

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 27 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)

ئۈچۈنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى بولۇر. ئۈچۈنچاي دېگىنى يەرلىكچە، خىتاچە ئەمەس. سارا بولغان كۈندە ئەر ـ خوتۇللار ياخشى ئەڭنى كىيىپ، ئېگىز يەرگە چىقۇرلەر. ئۇششاق قىز ـ جۇگاللار ياخشى ئەڭنى كىيىپ ئوينار. يىگىتلەر قىزلار بىرلەن بۇ كۈن كەش بولغۇنچە مەيلىس ئوينار. چوڭ ـ چوڭ ئەر خەقلەر مەزلۇملەر يەيدۇرغان غىزاسىغا ئەرتىگەندە بىر قازاڭغا توققۇز قىسما غىزا قىلۇرلەر: بۇغداي، ئاققوناق، پۇرچاق، ئارپا، تېرىق، گۆش، سەبزە، پىياز، گۈرۈچ. شۇ توققۇز غىزانى پۇشۇرۇپ ھەممە قوياشلىرى بىرلەن ئولتۇرۇپ يەر. ئۇ سەرا كۈنى بۇ خەقلەر ئۆي جابدۇقى قازان ـ قېمىشىنى، ھەممىسىنى تالاغا ئاپچىقىپ، بىر كۈن سەرانى ئۆيدە ئوت قالاماي تالاغا چىقىپ قىلۇر. بۇ سەرانىڭ مەنىسى ئۇلۇغلار ئالەمدىن ئۆتكەن كۈللىرىمىز. شۇ سەرانى داراخىنىڭ يوپۇرمىغى چاشقان قۇلىغى بولغاندا ئۈچۈنچاينىكى ئون ئالتىسى قىلۇرلەر.

## تۇرپاننىڭ مەيلىس ئويناغىنى (رەسمى)

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)

بۇ «مەيلىس» دېگەن ئويۇننى ئۈچ ھېيتتا: نورۇزدا، سەرادا، باراتتا ئوينۇرلەر. نورۇز كۈنى بىرىنچايدا، سارا كۈنى ئۈچۈنچايدا، بارات كۈنى ھەم ئۈچۈنچايدا بولادۇ. بۇ ئويۇننى ئوينار بولسا، ئۆيلەنمەگەن يىگىتلەر قىزلارنى ئەلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ «مەيلىسكە چىرلاغانمىز» دەپ چىرلاپ كېلۇرلەر.

ئاندىن بۇ ئەللەر قىزلارنى بىر ـ چوڭ مەزلۇمگە قېتىپ بېرۇرلەر. ئاندىن قىرىق ـ ئەللىك يىگىت، ئون بەش ـ يىگىرمە قىز بولغاندا بۇ يىگىتلەر ئۈچ ـ تۆرت دايىنى چېلىپ ناخشى ئېيتىپ تۇرۇرلەر. بۇ جۇگاللار يىگىتلەرنىڭ بېلىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ ئىككى قاتلاپ پىششىق ئېشىپ قىزلارغا سالۇرلەر. بۇ قىزلار ئاپىرىپ يىگىتلەرگە سالۇرلەر. بۇ پوتىنى ئولتۇرۇپ سالۇر بولسا، قىزلار يىگىتلەرگە سىڭار تىزىنى پۈكۈپ يەرگە قويۇپ ئاندىن پوتا سالۇرلەر. ئاندىن يىگىت قوپۇپ قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر چۆرۈلۈپ چىقسا، قىز بىر چۆرۈلۈپ قولىدىكى پوتىنى يىگىتكە بېرۇرلەر. بۇ يىگىت، قىز سالغان پوتىنى ئېلىپ باشقا ئادەمگە سالغان بولسا، شۇ قىزنىڭ پوتىسىنى تېپىپ ئېلىپ، شۇ قىز يىگىتكە قانداق سالغان بولسا، بۇ يىگىت قىزغاما شۇنداق سالۇرلەر. ناۋادا قىزنىڭ بۇ مەيلىستە ئوينايتۇرغان ئوينىشى كەلگەن بولسا، ئىككى پوتىنى بىر قىلىپ ئەللەرگە تۈيغۇزماستىن بۇ ئوينىشىغا سالۇرلەر. مەگەر ئوينىشىغا قىزلار قوش پوتا سالالماسا، دەستلەپ ئويناغان پوتىسىنى ئويناش يىگىتىگە سالۇرلەر. بۇ سالغىنىنى «باش پوتا، باش پوتا» دەرلەر. بۇ مەيلىسنى شۇ قايدادا ئويناپ بولۇپ يىگىتلەر ھەر قاسى چىرلاپ ئېلىپ كەلگەن ئەلنىڭ قىزلىرىنى يەڭگىسى بىرلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلۇرلەر. بۇ ئويۇننى «مەيلىس، مەيلىس» دەرلەر. شۇ قايدىنى ئويناپ ئاش يېمەيدو، چاي ئىچمەيدو، ئۇسۇل ھەم قىلمايدو. ئۇسۇلنى تويدا، مەشرەپ ئويناغاندا قىلادو.

## تۇرپاللىقنىڭ كىيىمىنىڭ بايانى

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)

ئەر خەقنىڭ يازلىق ئەڭنى — بېشىغا كىيەتۇرغان نەرسىنى دۇپپا دەرلەر. يەنە بىر قىسمىنى بۆرك دەرلەر. بۆرك دېگىنى ئىلگەركى زاماندىكى ئېتى، دۇپپا دېگىنى ھازىر چىقىپ قالغان ئېتى تۇرۇر. ئۇستىگە كىيەتۇرغان ئەڭنى چامچا دەيدو. يەنە بىر مۇنچىسى كۆڭنەك دەيدو. كۆڭنەك دېگىنى ھازىرقى ئېتىدۇر، چامچا دېگىنى ئىلگەركى زاماندىكى ئېتىدۇر. بەزى خەقلەر باغامبەر چامچا دەپ قويادۇ. «باغامبەر» دېگىنى قالماقچە

دېگەنى. كۆڭنەكنىڭ ئۈش قىسما ئېتى بار. بۇ ئۆزى
ئۇزۇن ئادەمنىڭ بويى بىرلەن تەڭ بولادو. ئۇ يەنە
«كالتا خەنتەي» دەيدو. «كالتا خەنتەي» دېگىنى
ئادەمنىڭ ئىشتان قىرغىغىدا بولادو. ئۇزۇن چاپان
دېگىنى ئۇما ئادەمنىڭ بويى بىرلەن تەڭ بولادو». كالتا
جەجمەك دېگىنى ئۇما هەم ئىشتان قىرغىغىدا بولادو.
كالتا خەنتەي ئۇزۇن چامچىنىڭ ئاستىنىدا بولادو. ئېنىڭ
ئۇستۇنىگە ئۇزۇن چامچا كىيەدو. ئېنىڭ ئۇستۇنىگە كالتا
جەجمەك كىيەدو. پاقتا بىرلەن قىلغىنى جەجمەك چاپان
بولادو. كۆزلۈك كىيەتۇرغىنىما هەم شۇ بولادو.

قىشلىق كىيەتۇرغىنى جۇبا بولادو. جۇبىنى تېرە
بىرلەن قىلادو. جۇبىنىڭ ئۇستۇنىگە سالغان نەرسىنى
تاشلىق دەيدو. قىلىن چاپاننىڭ ئاستىنىغا سالغىنىنى ئەستەر
دەيدو. جۇبىنىڭ چاپاننىڭ ئېتەك چۆرىسىدىكىنى پاگاز
دەيدو. كۆتىگە كىيگەننى: يازلىغىنى يالاڭ ئىشتان
دەيدو، قىشلىغىنى پاقتىلىق ئىشتان دەيدو. بەزىلەر
ئىشتاننىڭ هەر ئىككىسىنى تامبال دەيدو. ئىشتاننىڭ تېخى
«تامبال بېغى» دېگەن بېغى بار. پۇتقا كىيەتۇرغاننى
يازلىغىنى كېپىش دەيدو، قىشلىغىنى ئۆتۈك دەيدو.
ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە كىيەتۇرغان نەرسىنى پايپاق دەيدو.
قىشلىق بېشىغا كىيەتۇرغان ئەڭنى ئەر خەقنىڭ تۇرناق
دەيدو، هەم كورا بۆرك دەيدو. بۆركنى تۈلكە تېرىسىدە
قىلادو. جۇبىنىڭ ئىچىگە كىيەتۇرغان بىر قىسما كالتا تېرە
ئەڭنىنى «پىگازا» دەيدو. بۇ «پىگازا» دېگەن ئەڭنى ئۇ
ما هەم ئىشتان قىرغىقى بىرلەن تەڭ بولادو. بېلىگە
باغلىغان نەرسىنى پوتاما دەيدو، بەلباغىما دەيدو. پوتىنىڭ
ئۇزۇنلۇغى بەش ـ ئون گەز بولادو.

خوتۇن كىشى شاهى شەلپەر كىيەدو. پۇلى كۆپ بولسا،
تابار ـ دۇردۇن كىيەدو. ئۇزۇن چاپان كىيسە، تابار تون
دەيدو. قۇلىغىغا سالغان نەرسىنى هەم هالقا دەيدو، يىگاينە
دەيدو. شۇ هالقىنى ئالتۇندىنىما قىلادو، كۇمۇشتىنىما قىلادو.
چېچىغا سالغان نەرسىنى «چاش پۆپۈك» دەيدو. شۇ
پۆپۈكنى ئالتۇن بىرلەن، كۇمۇش بىرلەنىما قىلادو، يىپەك
بىرلەنىما قىلادو. چاش پۆپۈك كەينىدىن بولادو. ئىككى
قۇلىغىنىڭ ئايلىدىكى چاچنى ياڭغاق چاچ دەيدو.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن

(بېشى 30 ـ بەتتە)


«تاۋۇت»قا هەمراھ بولىدىغانلار ئۆلگۈچىنىڭ جەمەتلىرى
بولۇپ، جامائەت كۆپ بولمايتتى. مېيىتنى يەرلىككە قويـ
ىدىغاندا، قويۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇلـ
مايتتى. ئۆلگۈچىنىڭ بىۋاستە، ئاساسلىق تۇغقىنىدىن بىرى
يەتتە كەتمەن توپا تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، قالغانلىرى
گۆر تاكى كۆمۈلۈپ بولغىچە نۆۋەت بىلەن توپا تاشلايتتى.
گۆر ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇستىگە پەسرەك قىلىپ توپا
دۆۋىلەپ قويۇپ، بىر خادا قاداپ بەلگە قىلىپ قوياتتى.
يەتتە نەزىرىدىن كېيىن شارائىتى بولسا كېسەكتە قەبرە كۆـ
تۈرۈپ قوياتتى، بولمىسا شۇ پېتى قېلىۋېرەتتى. بەزىدە
ئۆلگۈچىنىڭ هايات چېغىدىكى ۋەسىيىتى ياكى يېقىن تۇغقانـ
لىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆلگۈچى ئەر بولسا مېيىتنىڭ
ئۇستىگە مەخسۇس ياسالغان كېمە، ئايال بولسا چادا (كىر
تەڭنىسى) دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلاتتى. خېلى بۇرۇنلاردا
ئايرىم چوڭ ياشلىق ئەرلەر هايات چېغىدا ئىچى كاۋاك يوـ
غانراق توغراقنى تېپىپ، ئۇنى ئائىلىسىدىكى بىرەرسىگە
كۆرسىتىپ بەلگە سېلىپ قويۇپ، ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندا،
ئۇنى هېلىقى توغراق ئىچىگە ئۆرىسىگە قويۇپ دەپنە قىلىـ
دىغان ئادەتمۇ بار ئىدى.

مۇسبەتلىك ئۆيگە كەلگەن ئەرلەر باشقا يۇرتتىكىلەرـ
گە ئوخشاش قۇرۇق كېلىپ ئاساسلىق هازىدارلارغا تەسەللى
بېرىپ قويۇپ، نامىزى چۈشۈرۈلگىچە ساقلاپ تۇراتتى. 20
ـ ئەسىرگىچە ئەنە شۇنداق ئىدى. خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇمايتـ
تى (ئوچۇقى ئوقۇيدىغانلار يوق ئىدى). تەسەللى بىلەن
بولدى قىلاتتى. ئاياللار بىردىن ئاق ياغلىق ئالغاچ كېلىپ،
باش هازىدار ئايالنىڭ بېشىغا ئارتىپ قوياتتى. ئارتىلغان
ياغلىق بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئاياللاردىن بىرەرسى ئۇ
ياغلىقلارنى ئېلىۋېتەتتى. يېڭىدىن كەلگەن ئاياللار يەنە
شۇنداق تۆپە ـ تۆپىلەپ ئارتىپ قوياتتى. بۇ ئادەت شەهەر
ئەتراپلىرىدا قالمىغان بولسىمۇ، يىراق يېزىلاردا هازىرمۇ داـ
ۋاملىشىپ كەلمەكتە.

لوپنۇرلۇقلاردا مۇسبەتلىك ئۆيگە ئىسسىقلىق ئەكـ
رىش ئادىتى يوق. ئۈچى، يەتتىسى ئۈچىنچى كۈنى بىر ئۆتـ
كۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىنىڭ
ئىنتايىن تارقاقلىقىدىن بولۇپ، يىراقتىن كەلگەنلەرنىڭ نەـ
زىرنى ساقلاپ ئۇزاق تۇرۇپ قالماسلىقىدىن بولغان.

هازىر ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئىسلام قاـ
ئىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە بولىدۇ. نەزىر ـ چىراغ ئىشلىـ
رى ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئاددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ....

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «تارىخىي ھەمىدى» يېزىلغان دەۋردىن بۈگۈنگىچە

ئەھەد مۇھەممەدۇللا

موللا مۇسا سايرامى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخى ئالىمى ۋە شائىرى. ئالىم 1908 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يېزىپ تاماملىغان «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن ئەسىرى بىلەن مەشھۇر. بۇ يىل ئەسەرنىڭ يېزىلغىنىغا دەل 100 يىل بولدى. مەن ئالىمنىڭ ھاياتىنى ياد ئېتىش ھەمدە بۇ مەدەنىي مىراسنىڭ «100 ياشقا» كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدىن ھېس قىلغان بەزى چۈشەنچەمنى زامانداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**1. موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخىي ھەمىدى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە**

موللا مۇسا سايرامى يەنى مۇسا ئىبنى موللا ئەيسا خوجا سايرامى 1836 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى باي ناھىيىسى سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسى (ھازىرقى توقسۇن يېزىسى ئاناقىز كەنتى توغايلا مەھەللىسى) دا دۇنياغا كەلگەن. يەتتە يېشىدىن باشلاپ، دادىسى مۇدەررىسلىك قىلغان سايرام مەدرىسىدە ئوقۇپ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغان. 11 ياشقا كىرگەندە، ئەينى زاماندا جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونى بويىچە مەشھۇر بولغان كۇچادىكى «ساقساق» مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، كالېندارشۇناسلىق، ئىلمىي نۇجۇم، جۇغراپىيە ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ناھايىتى تېز لا ‹موللا مۇسا›، ‹بالا موللا›، ‹موللا ئەبجەدخان› (كالېندارشۇناس) دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان. 18 يېشىدا «ساقساق» مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ئۆز



ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسىگە كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاقسۇدا 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىل موللا مۇسا سايرامىنىڭ ھاياتىدىكى ناھايىتى ئېغىر يىللار بولۇپ، ئۇ تامامەن پېقىرلىق ـ نامراتلىق ھاياتنى كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

1917 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 81 ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامى ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ، ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىشنى تەلەپ قىلىپ، تۇغقانلىرىغا خەت يازىدۇ. چوڭ ئىنىسى ئىسلام ئاخۇننىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن خەلپەت ئۇنى ئاقسۇدىن سايرامغا ھارۋا بىلەن ئېلىپ قايتىدۇ. 4 ـ ئايدا، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى بولغان موللا مۇسا سايرامى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا سەپەر قىلىدۇ ①.

موللا مۇسا سايرامى ئۆز ئۆمرىدە بىر مۇنچە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مە-دەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى ۋە شائىرى. ئالىم يازغان ئەسەرلە-رى ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرىدىن: 1885 ـ يىلى يازغان «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا»، 1898 ـ يىلى يازغان « دەربايان ئەسھابۇل كەئف»، 1903 ـ يىلى يازغان «تارىخىي ئەمنىيە»، 1907 ـ يىلى يازغان «دىۋان مەسنۇى»، 1908 ـ يىلى يازغان «تارىخىي ھە-مىدى»، 1916 ـ يىلى يازغان «سالامنامە» قاتارلىقلاردۇر ②.

1904 ـ يىلى «تارىخىي ئەمنىيە» قازاندا نەشر قى-لىنغاندىن كېيىن، ئاپتور بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتى-كى يېتەرسىزلىكى، بەزى مەسىلىلەرنىڭ خاتا بايان قىلىن-غانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ توغرىلاش ۋە تولۇق-لاش مەقسىتىدە، مەزكۇر «تارىخىي ھەمىدى» نى يېزىپ چىققان. ئاپتور بۇ ئەسەرنى يازغاندا، ئاساسەن 1864ـ يى-لىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە بەدەۋلەتنىڭ باس-قۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ھەقتە كەڭ ۋە تەپسىلىي توختالغان. ئەنگلىيىلىك دىمېترى چارلىزبولجېر يازغان «ياقۇپ بەگ تارىخى»، روسىيە-لىك كروپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابلارمۇ يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى ھېچقاچان «تارىخىي ھەمىدى» دەك تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق بايان قىلالمىغان. «تارى-خىي ھەمىدى» ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى بىر قەدەر ئەتراپلىق يېزىلغان تارىخ، دىن، مەدەنىيەت، مازار-شۇناسلىق قاتارلىقلارغا ئائىت ئەسەر بولۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ ③.

**2 . موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى**


مەيلى قايسى ساھەدە بولسۇن، مەشھۇر زاتلارنى، داڭلىق ئەدىبلەرنى تەتقىق قىلىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنى كېيىنكىلەرگە تونۇشتۇرۇش ۋە شۇ شەخسلەر ھايات چېغىدا، ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ھەق-قىدە تەتقىق قىلىش، چەت ئەللەردە خېلى بۇرۇنلا بولغان ئىكەن ھەمدە شۇ ئەسەرنىڭ ۋە شۇ شەخسنىڭ نامىدا، ئاسپىرانتلىق، دوكتورلۇق تەربىيىلەش نۇقتىلىرى بولىدى-كەن. شەخسنى خاتىرىلەيدىغان بۇ خىل ئادەت، ھازىر بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا گەرچە ناھايىتى كىچىككىنە بولسى-مۇ ھەر ھالدا، ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىدى.

M I R A S

ئەمما، بۇ خىل خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى پەقەت يازغۇچى، ئەدىبلەرگە تون كىيدۇرۇش، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىش بىلەنلا چەكلىنىپ، بىز داڭلىق دەپ، تون كىيدۇرگەن شۇ شەخسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش تېخى ئومۇملاشمايۋاتىدۇ. مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق باشقا ساھەلەردىكى مەشھۇرلار يەنىلا ھايات چېغىدا ئۇنتۇلۇپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن يادلىنىۋاتىدۇ. بىزدە تېخىچە مەلۇم بىر ئالىمنى ياكى شۇ ئالىمنىڭ مەلۇم بىر ئەسىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان كەيپىيات ئومۇملاشقىنى يوق. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدىن بۇيان ئىجتىمائىي پەنگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، تەبىئىي پەنگە سەل قاراپ كەلدۇق. تەبىئىي پەندىكى مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى بولسا ئەسكە ئېلىپمۇ قويمىدۇق. موللا مۇسا سايرامىمۇ ۋاپات بولۇپ 70 يىلدىن كېيىن، ئاقسۇ خەلقى تۇنجى بولۇپ ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150يىللىقىنى تەبرىكلەش خاتىرە يىغىنى ئاچقان. 1996 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار مەدەنىيەت فاكۇلتېتى، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ پائالىيەت سورۇنى بولغان «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئەنجۇمەنى»دە ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن ھەم شۇ يىلىنى «موللا مۇسا سايرامى يىلى» قىلىپ بېكىتىپ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە قانىلىدا خەلقئالەمگە ئېلان قىلغان. قىرغىز تارىخچىسى ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى تۇنجى بولۇپ «تارىخىي ھەمىدى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلىغان. شۇندىن كېيىن، «تارىخىي ھەمىدى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئاندا - ساندا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇلار موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخىي ھەمىدى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ باشلانغانلىقى دېيىلسە ، دوكتور يېتەكچىسى، پروفېسسور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىمانىنىڭ ««تارىخىي ھەمىدى»نىڭ تىلى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا يازغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. 2008 - يىلى پەرھات تۇرسۇن بۇ ئەسەرنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ «تارىخىي ھەمىدىكى بايان ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. دېمەك، «تارىخىي ھەمىدى» تەتقىقاتى پەلسەپە، تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، تارىخ، دىن قاتارلىق ھەر ساھە بويىچە تەتقىق قىلىشقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ «تارىخىي ھەمىدى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئاخىرلاشتى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى يەنە نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرىنىڭ ئاسپىرانتلىق، دوكتورلۇق ماقالىلىرىگىمۇ يەنىلا تېما بولالايدۇ دېگەنلىك، ئەلۋەتتە!

**3. ئەسەرنىڭ ‹خاتىمە› قىسمىدىكى يەتتە شەھەر ئادەملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن بۈگۈنكى زامان ئادەملىرىنىڭ ئەھۋالىغا قىسقىچە نەزەر**

ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى ھۆكمائى مۇھەندىسلەر پۈتۈن زېمىن يۈزىنى يەتتىگە تەقسىم قىلىپ، ھەر بىر تەقسىمنى بىر ئىقلىم دەپ ئاتاپ، ھەربىر ئىقلىمغا يەتتە يۇلتۇزنىڭ بىرسىنى مەنسۇپ قىلغان ئىكەن. ھەر قايسى ئىق-





لىمغا تەئەللۇق ئادەملەرنىڭ پېئىل - خۇيلىرى، رەڭگىرويى ۋە مىجەزلىرىنى ئۆز كىتابلىرىنىڭ ئاخىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ، رىسالىلىرىگە زىننەت بەرگەن ئىكەن. ئەمما موللا مۇسا سايرامى يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا، دادىللىق بىلەن يەتتە شەھەرنى ۋە ئادەملىرىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلغان. بۇ يەتتە شەھەر: كاشغەر، ياركەنت، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا ۋە كونا تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمدى بىز موللا مۇسا سايرامى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان يەتتە شەھەر ئادەملىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

كاشغەر ــ مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئەڭ ئەلا ۋە ئەڭ ئاۋۋالقىسى كاشغەر بولۇپ، ئادەملىرىنىڭ ئەلپازىغا كەلسەك، ئۇلار ئۇلىما ۋە ياخشى كىشىلەرگە دوست ۋە ئامراق كېلىدۇ. سەپەر ۋە مۇساپىرلىقنى ھەۋەس قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۇلپەت ۋە مۇھەببەتتە دانا ھەم مۇلايىم سۆزلۈك، چاقچاقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاقۋەتسىزلىك ۋە نائاشناچىلىق قىلىدۇ. ئەھلى كەسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا ئۈستۈن ۋە زىيادە تۇرىدۇ. ئۆلىمالار راۋاجى ۋە سودا - تىجارەتتە ئۇ شەھەر گويا ‹ئىككىنچى بۇخارا› دەپ ئاتالسا، ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇ ④.

ياركەنت ــ قەدىمىي كونا شەھەر. ئادەملىرىنىڭ خۇلقى - مىجەزى بىچارە سۈپەت، ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا ۋە پىششىق، ئىشان، ھەزرەت، ئەپەندى ساھىبلارغا بولغان ئەقىدە - ئىخلاسلىرى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشلىرى تولا. ئۆزلىرى بولسا مۇساپىرەتچىلىككە كەم چىقىدۇ. ھەممە ئادىمى دېھقان ئەشرەپ بولۇپ، زېمىنى كەڭرى ۋە ياخشى، يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بىپايان، چارپاي ۋە قوتازلىرى ئىنتايىن كۆپ، يەل - يېمىشلىرى پاراۋان، يۇرتلىرى پايانسىزدۇر ⑤.

خوتەن ــ ناھايىتى كونا ۋە قەدىمىي مەشھۇر شەھەردۇر. ئادەملىرىنىڭ خۇلقى - مىجەزىگە قارىغاندا، بىر سۆزلۈك، بىر قوللۇق، بىر نىيەتلىك ۋە ئىتتىپاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىششىقلىقتا بىنەزەر، بېخىللىقتا مىسلىسىزدۇر. ھەممە ئادەملىرى كاسىپ - ھۈنەرۋەن، تەبىئەت ئىدرىكى پاكىز، زېھنى يۇگۈرۈك بولۇپ، ھەر قانداق ھۈنەرنى ئۆز كامالىغا يەتكۈزۈپ، خېرىدارغا يارىغۇدەك قىلىپ، ئۆز قولىدىن ئۆتكۈزۈپ، نەق پۇلنى ئېلىشقا كامىل ۋە قابىلىيەتلىكتۇر. خوتەندىن باشقا شەھەرلەرگە مال چىقسا چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئالتۇندىن باشقا پۇل ئەسلا چىقىپ كەتمەيدۇ ⑥.

ئاقسۇ ــ ئاقسۇ ئەھلى توغرا، ساددا، ياۋاش، مۇلايىم، كەمتەر. لېكىن، غەم - ئەندىشىلىك، ئۇلپەت ۋە ئىتتىپاقى يوق. پاراكەندە، مۇھەببەت ۋە مەسلىھەتى يوق، چېچىلاڭغۇ، مەھسۇلات ساقلىمايدىغان، تەۋەككۇلچى خەلقتۇر. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك كۈنلۈك نانلىرىنى ئۇدۇللۇقچە بازاردىن سېتىپ ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئاشپەز، ناۋايلىرى ئاسانلا راۋاج تاپىدۇ. ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، دېھقانلىرى كۆپ ⑦.

ئۇچتۇرپان ــ قەدىمىي كونا شەھەردۇر. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېتى «ئۇچ» ئىكەن. يەنە شەھىرى بەربەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1520 - يىللىرى ئەتراپىدا ۋە 1765 - يىللىرى بۇ

يۇرتتا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەچكە، ئىككى قېتىم قەتلىئام قىلىنىپ، تۇرپان ۋە ئالتە شەھەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئاۋات قىلغان ئىكەن. شۇڭلاشقا «ئۈچ» سۆزىگە «تۇرپان» سۆزى قوشۇلۇپ «ئۈچتۇرپان» دەپ ئاتالغان ئىكەن. بۇ جايدىكى ئادەملەر بىر قانچە پىرقە ۋە چېچىلاڭغۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كاسىپ - ھۈنەرۋەنلىرى كەم، ئادەملىرى دېھقان، يەر - زېمىنى ئوبدان، غەللە ھاسىلى كەڭرى ۋە ئەرزاندۇر ⑧.

كۇچا — قەدىمقى ئىسمى كۇسەن ئىكەن. كۇچا ئەھلى پېئىل ئېتىبارى جەھەتتىن بىر ئىنتىپاق، ئۆلپەتلىكى زىيادە خەلق بولۇپ، ھەممە ئادىمى سىپايە، خۇشخۇي، گۈزەل سۆزلۈك بولۇپ، ئاياللىرىنىڭ ھىممەت ۋە جۈرئىتى ئەرلەردىن ئارتۇق. ئۇلار ئىلمي ئەمەل ۋە ھۈنەردىمۇ كەم ئەمەس. بىراق، مۇساپىرلار بىلەن خۇشى يوق... ⑨.

كونا تۇرپان — قەدىمكى شەھەردۇر. ئادەملىرى سەممي، راست سۆزلۈك، پۇختا ۋە پىششىق؛ ھىيلە - مىكىر ۋە خائىنلىق - يۈزسىزلىكتىن خالىي، ئەقىدە ئىخلاسلىرى ساپ، ھاۋاسى ئىسسىق، سۈيى كەم بولۇپ، ھەممىسلا كارىز سۈيى بىلەن زىرائەت تېرىيدۇ... ⑩.

بۇلاردىن باشقا يەنە قومۇلنى ئەسەرنىڭ نۇرغۇن يېرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، قامۇل (قومۇل) ۋە قامۇل ئادەملىرىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى، ئېسىل مىجەزلىكىگە ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بېرىپ، قامۇلنىڭ ناھايىتى باي - باياشات، ئادەملىرىنىڭ ئەقىدىلىرى پاكىز، ئىخلاسلىرى زىيادە، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆلىما ۋە فوزۇلۇلالارنى (پەزىلەتلىكلەرنى - ت) يېتىشتۈرۈش، مەدرىسە، مەكتەپ، خانىقالارنى ئېچىپ گۈللەندۈرۈش، ئىلىم ئۆگەنگۈچى تالىپلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە، ھەتتا ئىلمي تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى سۈپەتتىن تاشقىرى ئۇلۇغ تەرىپلىرى بار ... شۇڭلاشقا، قامۇل ئەھلى تېبابەتچىلىك بابىدا ناھايىتى دانا خەلق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلىمسىز تۇركلەر ناھايىتى كەم ⑪، دەپ يازىدۇ. ئۈرۈمچى، ئەسھابۇل كەئىف قاتارلىق يەر- جايلارنىڭ نامى ھەققىدىمۇ توختىلىپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئىلمي بايان قىلىدۇ. موللا مۇسا سايرامىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن، بۇنىڭدىن 100 يىل ئاۋۋالقى يەتتە شەھەر ۋە باشقا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، روھىي دۇنياسى، پسىخىكىسى، ھۈنەر ئىلىمگە باي ياكى ئەمەسلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى قاتارلىق بىر مۇنچە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولالايمىز. موللا مۇسا سايرامى نېمە ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمنىڭ ئورنىغا يەتتە شەھەرنى بايان قىلدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ بىر ئاددىيلا يېزىلغان خاراكتېر تەسۋىرى ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئادەملىرىنىڭ پسىخىكىسى، روھىي دۇنياسى ھەققىدە قىلىنغان بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە. ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنىدەك، ئاپتور يەتتە شەھەر ئادەملىرىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى بايان قىلغاندا، نوقۇل ھالدىكى ماختاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شۇ چاغدىكى ھەر قايسى يۇرت ئادەملىرىنىڭ مىجەز- خاراكتېرىدىكى ئاقىۋەتسىزلىك ۋە نائىناشىچىلىق، بىچارە، بېخىل، ئىنتىپاقسىز، چېچىلاڭغۇلۇقلىرىنى دادىللىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلىگەن. كىشىلەرنى سادىدىلىقتىن ئويغىنىشقا، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسمىغا لايىق ئىناق - ئىنتىپاق بولۇپ، بەختىيار ياشاشقا ئۈندىگەن. ئالايلۇق ، كاشغەر خەلقىنى: «ئەھلى كەسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا، ئۈستۈن ۋە زىيادە تۇرىدۇ. ئۆلىمالار رىۋاجى ۋە سودا تىجارەتتە ئۇ شەھەر گويا ‹ئىككىنچى بۇخارا› دەپ ئاتالسا، ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇ» دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق باشقا شەھەردىكىلەرنى كاشغەرلىكلەردىن ئۆگىنىشكە دالالەت قىلسا؛ كۇچا خەلقىنى: «كۇچا ئەھلى ئىنتىپاق، ئۆلپەتلىكى زىيادە خەلق بولۇپ، ھەممە ئادىمى سىپايە، خۇشخۇي، گۈزەل سۆزلۈك» دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق باشقا يۇرتتىكىلەرنى كۇچا خەلقىگە ئوخشاش ئىناق - ئىنتىپاق، گۈزەل سۆزلۈك بولۇشقا ئۈندىگەن. ئالىمنىڭ يەتتە شەھەرنىڭ بەزى ياخشى - يامان ئەھۋاللىرىنى يېزىشى ھەرگىزمۇ، يۇرتلارنى چۈشۈرۈش، كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىدا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇسى، ھەر قايسى يۇرت كىشىلىرىدىن ئۆزئارا

ئۆگىنىش، يەنى ھازىرقى ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ھەققىدە خېلى كۆپ ماقالە ۋە باشقا خىلدىكى ئەسەرلەر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. رادىئو - تېلېۋىزورلاردا ئېپىزوت ئىشلەپ، ئاچچىق تىللار ئارقىلىق قامچىلاۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئەسەرلەرنى بۈنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن يېزىلغان مەدەنىي مىراس ئەسىرىمىز «تارىخىي ھەمىدى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئېپادىلەش ئۇسۇلى، تىل ئىشلىتىش ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز! «تارىخىي ھەمىدى»دە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ھەر قايسى يۇرتلارنى ۋە شۇ يۇرتلاردا ياشىغۇچى كىشىلەرنى ئايرىم - ئايرىم تەسۋىرلەپ، قوپال تىللار بىلەن ئەمەس، ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن لىللا باھا بېرىدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەردە بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتىلا ساۋىداش، تىللاش بىلەن تەنقىدلەۋاتىدۇ. ئەگەر تىللاش بىلەن ناچار ئادەتنى تۈگەتكىلى بولىدىغان بولسا، بىزمۇ بۇچاغقىچە ناچار ئادەتلىرىمىزنى ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرتىپ بولغان بولار ئىدۇق. ئەپسۇس! بىزدىكى بۇ ئادەتلەر تۈزىتىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، دېگەنسېرى ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. بىزدىكى ۋاقىت قارىشى دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ھازىر بىزدە قانداق ئىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەممە ئۇيغۇر بىلىدۇ ھەم نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنى قانداق تۈگىتىش ھەققىدە ئىزدەنمەي، بىر-بىرىگە نەسىھەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. نەسىھەت قىلىش بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئارىمىزدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مەن نەسىھەت قىلىشقا قارشى تۇرايلى دېمەكچى ئەمەسمەن. مۇئەييەن شارائىتتا، نەسىھەت ۋە تەنقىد زۆرۈر، شۇ كەمچىلىك، ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىشتە مۇئەييەن رول ئوينايدۇ. لېكىن مېنىڭچە بولغاندا، بىزگە نەسىھەتتىن، مىللەتنى سۆكۈپ تەنقىد قىلىشتىن كۆرە كۆپرەك ساپا تونۇرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، ھەممىنى بىر تاياقتىلا ھەيدىمەي، ياخشى ئادەتلىرىمىزنى، مىجەز-خاراكتېرىمىزنى مەدھىيىلەپ، ناچار تەرەپلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشكە چارە ئىزدىسەك توغرا بولامدىكىن دەپ قارايمەن. چۈنكى، بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەي تۇرۇپ، خاس تەنقىد قىلىش، بىر- بىرىگە نەسىھەت قىلىش بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ قىياپىتىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز «بىلىگسىزدىن قۇت كېتەر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. شۇڭا، ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىلىمنىڭ ھالىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇش ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى ۋە ۋىجدانىي بۇرچىدۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى؛ 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 9 -، 12 - بەتلەر.

② «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 10 - بەت.

③ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 13 -، 16 -، 19 - بەتلەر.

④ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 639 -، 640 - بەتلەر.

⑤ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 640 -، 641 - بەتلەر.

⑥ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 642 - بەت.

⑦ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 649 - بەت.

⑧ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 656 - بەت.


⑨ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 659 - بەت.

⑩ «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى؛ 660 - بەت.

(11) «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى: 295 - بەت.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2007 - يىللىق ئاسپىرانتى)

www.uyghurkitap.com




## ئاقىلانە جاۋاب

ئەلىشىر ناۋائىي ھۈسەيىن بايقارا سارىيىدا باش ۋەزىرلىك قىلىۋاتقان چېغىدا، پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھۈسەيىن بايقارا سارايغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چېكىسىگە تەگكۈزۈپتۇ. ناۋائىي شۇ زامانلا بارمىقى بىلەن تىلىنى كۆرسىتىپتۇ، بۇ مەنزىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ناۋائىنىڭ شاگىرتلىرى ئىما ـ ئىشارەتلەرنىڭ مەنىسىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. ناۋائىي:

— قېنى ئۆزۈڭلار ئويلاپ تېپىڭلار، — دەپ ئېيتىپ بەرمەپتۇ. شاگىرتلار ئويلا ـ ئويلا ھېچ تېپىشالماپتۇ، شۇ چاغدا شاگىرتلىرىدىن بىرى ناۋائىينى سۆزلىتىش مەقسىتىدە، سىياھدانىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ.

— ئابدۇللەتىپ، بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى، سىياھدانىنى ئاغدۇرۇۋەتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ ناۋائىي ۋە ئارقىدىنلا تېپىشماقنى ئۆزى دەپ سېلىپتۇ، بايا ھۈسەيىن بايقارا مەندىن: «باشقا بالانى نېمە كەلتۈرىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «تىل» دەپ جاۋاب بەردىم.

شاگىرتلار ناۋائىينىڭ دانا، زېرەك ۋە ئەقىللىقلىقىغا يەنە بىر نۆۋەت قايىل بولۇشۇپتۇ.

## يۇرت قاراۋۇلى

بىر زامانلاردا ھىرات شەھرىدە مىرزا ھۈسەيىن دېگەن كىشى پادىشاھ ئىكەن. ئۇنىڭ شەھەر چېتىدە چوڭ بىر بېغى بولۇپ، باغدا سېتىۋالدى ئىسىملىك بىر كىشى قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن. مىرزا ھۈسەيىن كۈندۈزى يۇرتنى سوراپ، كەچ كىرگەندە ئۇستىۋېشىنى ئۆزگەرتىپ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، سېتىۋالدىنىڭ يېنىغا بارىدىكەن، ئۇلار ئىككىسى تاڭ ئاتقىچە ئىچىشىپ، چېكىشىپ ئۇلپەتچىلىك قىلىشىدىكەن.

— سېتىۋالدى، سەن باغنىڭ قاراۋۇلىسەن، — دەيدىكەن ھۈسەيىن ھەمراھىغا قاراپ، — مەن بولسام يۇرتنىڭ قاراۋۇلىمەن. سەن باغنى كۆزەتسەڭ، مەن يۇرتنى كۆزىتىمەن. مانا ھازىر ئىككىمىز بىر كىشىدەك، ئۇلپەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرىمىز. لېكىن مېنىڭ بىلەن بۇنداق ئۇلپەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقىڭنى ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك، ئاغزى بوشلۇق قىلىپ بىرەرسىگە ئېيتىپ قويساڭ، سېنىمۇ، ئاڭلىغان كىشىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن.

سېتىۋالدى بۇ ئىشنى ئۆلگىچە ھېچكىمگە ئېيتماسلىق-

قا ۋەدە بېرىپتۇ.

ھۇسەيىن بايقارانىڭ دانا ۋەزىرى ئەلشىر ناۋائى بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى بىلىدىكەن، لېكىن ھېچكىمگە ئۈندىمەيدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كېرىم بوۋا ئىسىملىك ئوتۇنچى دالىدىن ئوتۇن تېرىپ سېتىش ئۈچۈن بازارغا كېلىۋېتىپ باغنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىدە، مىرزا ھۇسەيىن كۆرۈپ قېلىپ، «ئوغرى» دەپ تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، ئايغىنى يەرگە تەگكۈزمەي سارايغا ئېلىپ بېرىپتۇ. مىرزا ھۇسەيىن سوراپ ـ سۈرۈشتۈرمەيلا كېرىم بوۋىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ. شۇ چاغدا قاياقتىندۇر كېلىپ قالغان ئەلشىر ناۋائى بۇ ئوتۇنچىنى تونۇيدىغاندەك قىپتۇ، يېقىن بېرىپ قارىسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى تونۇيدىغان ئوتۇنچى كېرىم بوۋا ئىكەن.

— ھە، بوۋا! بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ناۋائى.

— ھەي شائىر، بۇ سارايدا نېمە قىلاتتىم؟ ئوغرى دەپ تۇتۇپ كېلىشتى. شاھىنشاھىم شۇ زامان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، ئۆلۈمىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. كاشكى، ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ باققان بولسام، — دەپتۇ بوۋاي كۆزىگە ياش ئېلىپ.

«گۇناھسىز بىچارىنىڭ گۇناھىنى سورىۋېلىش كېرەك، قانداق قىلاي؟ «ئۇ ـ گۇناھسىز» دېسەم، ھۇسەيىن بايقارانىڭ «ياق» دەپ تۇرۇۋېلىشى تۇرغان گەپ، تېخى تونۇگۈن كەچتىلا يۈزتۇرانە تۇرۇپ ئىككى كىشىنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالغان ئىدىم» دەپتۇ ناۋائى ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە باشقىچە يول تۇتۇش ئۈچۈن سېتىۋالدىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ، شائىرنى كۆرگەن سېتىۋالدى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

— سېتىۋالدى ئاكا، — دەپتۇ ناۋائى، — سىزنىڭ ئالدىڭىزغا زۆرۈر ئىش بىلەن كەلدىم. تېز بولۇڭ، بىر گۇناھسىز بىچارىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش كېرەك.

— قانداق قىلىپ؟ — دەپتۇ ھەيران بولۇپ سېتىۋالدى.

— ھەيران بولماڭ. بۇ ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىشىنى بىلگەچكە، ئاتايىن ئالدىڭىزغا كەلدىم. گەپ مۇنداق، دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ناۋائى، — كېرىم بوۋا دېگەن ئوتۇنچىنى مىرزا ھۇسەيىننىڭ ئالدىغا «ئوغرى» دەپ ئېلىپ كېلىشىپتۇ، كېرىم بوۋا ئۆمرىدە ئوغرىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆتكەن ئادەم.

— باغ قاراۋۇلى قانداق قىلىپ مىرزا ھۇسەيىندەك سۇلتاننىڭ ئالدىغا بارالايدۇ، سىزدەك شائىرنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىشنى مەندەك بىر سولتەك قاراۋۇل بېجىرەلەرمۇ؟ — دەپتۇ سېتىۋالدى.

— بۇ ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ، ماقۇل كەلسەك، تونۇگۈن كەچتىلا ئىككى گۇناھسىزنىڭ گۇناھىنى مىرزىدىن سورىۋالغاندىم، بۈگۈن يەنە ئىلتىماس قىلسام، سۇلتاننىڭ «ياق» دېيىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن سۇلتاننىڭ پەيلى دېگەندەك جايىدا ئەمەس، سىزدىن بۇ ئىشنى ئىلتىماس قىلىشىمنىڭ سەۋەبى بار: سىلەرنىڭ كېچىلىرى ئۆلپەتچىلىك قىلىشىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەردارمەن.

ئەلشىر ناۋائىنى ئالداش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان سېتىۋالدى:

— ئاپلا، شائىر! زېرەكلىكىڭىزگە قايىلمەن، — دەپتۇ ۋە ئارقىدىن، — ھۇسەيىن مىرزا بىلەن مېنىڭ مەخپىي ئۆلپەتچىلىكىمىزدىن قاچان خەۋەر تاپقان ئىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭغا خېلى ۋاقىت بولدى، — دەپتۇ ناۋائى.

— ھېچكىمگە ئېيتمىغانسىز؟

— ياق.

— سىر ساقلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دەپتۇ سېتىۋالدى ھەممىدە شائىر بىلەن بىللە بېرىپ كېرىم بوۋىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا قوشۇلۇپتۇ. — بىر شەرتىم بار، — دەپتۇ ئۇ يەنە، — مېنى سارايغا «ئوغرى» دەپ ئېلىپ بېرىڭلار، ئۇ يېقىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

ناۋائى دەررۇ ئىككى سەرۋازنى چاقىرىپ كەپتۇ، سېتىۋالدىنى «ئوغرى» دەپ تۇتقۇزۇپ، سارايغا ھەيدەپ بېرىپتۇ، ھۇسەيىن مىرزا سېتىۋالدىنى تونۇمىغانغا ساپتۇ.

سېتىۋالدى ھۇسەيىن بايقاراغا شۇنداق دەپتۇ:

— سۇلتان بەركەرەم، مەن باغ قاراۋۇلى سېتىۋالدىمەن. «ئوغرى» دەپ تۇتۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى، ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم ئوغرىلىق قىلغان بولسام خۇدا ئۇرسۇن. بۇنىڭدىن ئازراق ئىلگىرى بىر ئۆلپەتدىشىمنىمۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى، مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشىڭىزدىن ئىلگىرى بىر ئىلتىماسىم بار، ئۇنىڭغا «ياق» دېمىسىڭىز.

— ئىلتىماسىڭنى ئېيت، — دەپتۇ ھۇسەيىن مىرزا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مۇشۇ ئارىدا ئۆزىنى يۇرت قاراۋۇلى دەپ ئاتاپ يۈرگەن بىر بۇرادىرىم بار. شۇ بۇرادىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر پەس سۆھبەتلىشىۋېلىشقا رۇخسەت بەرسىڭىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھۈسەيىن بايقارا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئويلىنىپ قاپتۇ. «يۇرت قاراۋۇلى مانا مەن» دەي دېسە، ئەتراپىدا ھەممە ۋەزىر، ئۆلىمالار ئولتۇرۇشقان. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارنىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىنى بىجىرمەسلىك ھەم مۇمكىن ئەمەس، ھۈسەيىن مىرزا ئاخىر:

— سەنغۇ گۇناھكار ئەمەس ئىكەنسەن. مەيلى، سېنىڭ گۇناھىڭدىن كەچسەم كېچەي، سەندىن ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەن ئوغرى بىلەن نېمە ئالاقەڭ بار ئىدى؟ — دەپتۇ.

— يۇرت قاراۋۇلى، مەن ۋە ئەنە شۇ بوۋاي ئۈچىيلەن ئۆلپەتچىلىك قىلىشاتتۇق، لېكىن كىرىم بوۋا بىزگە تاماق پىشۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ، ئىشىمىزغا ئارىلاشمىغاچقا بىزگە كۆرۈنمەيتتى. ئەگەردە گېپىمنى يالغان دېسىڭىز، كىرىم بوۋا بىلەن يۇرت قاراۋۇلىنى چاقىرتىڭ.

ھۈسەيىن مىرزا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئويلىنىپ قاپتۇ ـ دە، — مالىڭ، ھەر ئىككىڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم، — دەپ تاشلاپتۇ. كىرىم بوۋا بىلەن سىپتۇالدى سارايدىن ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىپ كېتىشىپتۇ، ناۋائى سىپتۇالدى قاراۋۇلنىڭ ئۇستىلىقىغا قايىل بوپتۇ.

**ئادىمى ئەرسەڭ...**

شائىر مىرئەلىشىر ناۋائىنىڭ يېشى بىر يەرگە يەتكەندە، كۆڭلى ھەجگە بېرىشنى ئىستەپ قاپتۇ. ئۇ خەيرلىشىپ مېڭىش مەقسىتىدە يۇرت سۇلتانى، دوستى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا:

— سىز ھەجگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەردىن كۆپرەك ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان مۆتىۋەر زاتسىز، — دەپ ناۋائىغا رۇخسەت بەرمەپتۇ. سۇلتاننى نېمە دەپ ماقۇل كەلتۈرۈشنى بىلمەي ناۋائىنىڭ تازىمۇ بېشى قېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. ناۋائى يەنە ھەجگە بېرىش ئەرەددۇتىگە چۈشۈپتۇ. سەپەر ئالدىدىن خوشلىشىپ مېڭىش ئۈچۈن يەنە دوستى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ سارىيىغا كەپتۇ.

— سىز بىلەن خەيرلىشىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ ئۇ.

ھۈسەيىن بايقارا يۇرتنىڭ تىنچسىزلىقى، خەلق ئارىسىدا نارازىلىقلار كۆچىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ:

— سىزسىز خەلقنى باشقۇرۇش قىيىن. ئەھيانىلارغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلار پېيىمنى قىرقىش قەستىدە. دوست دەپ بىلسىڭىز، مېنى يالغۇز تاشلاپ، ھېچ ياققا ماڭمىسىڭىز، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. ناۋائى نېمە دېيىشنى بىلەلمەپتۇ. ھەجگە جۈنەپ كېتىۋېرەي دېسە، يۇرتنىڭ سۇلتانى، ياشلىقىدىن بىرگە ئويناپ ـ ئۆسكەن دوستى «بارماڭ» دەپ يېلىنماقتا، ئاخىر ئۇ دوستىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ نۆۋەتمۇ سەپەردىن قاپتۇ، لېكىن «كېلەر يىلى نورۇز ئۆتۈشى بىلەنلا سەپەرگە ئاتلىناي» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. بۇ ئارىدا قىش چىقىپ، باھار ئېتىكىنى يېيىپ كىرىپ كەپتۇ. نورۇز خۇشلۇقى ھەممە ياقنى ئىگىلەپتۇ، ناۋائى «سۇلتان جاۋاب بەرسىمۇ، بەرمىسىمۇ چوقۇم جۈنەپ كېتەي» دەپتۇ ئۆزىگە ئۆزى ھەمدە پادىشاھ خاپا بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئېيتىپ قويۇش نىيىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ:

— مېڭىشىڭىز ئېنىقمۇ؟ — دەپتۇ ھۈسەيىن بايقارا.

— ھەئە، بۇ نۆۋەت مېنى سەپەردىن ھېچكىم قالدۇرالمايدۇ. ھەتتا سىزدەك ئەزىز دوستۇم، يۇرت سۇلتانى ھەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ناۋائى.

— ئۇنداق بولسا مەن رازى. مەيلى دوستۇم، ھەجگە بارسىڭىز بېرىۋېرىڭ، مېنىڭ ئۈچۈنمۇ تاۋاب قىلىپ قويارسىز. تاۋابىڭىز قوبۇل بولسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ سۇلتان، — ماڭغىنىڭىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن، كېچىسى يوشۇرۇنچە يولغا ئاتلىنىڭ.

ناۋائى دوستى بىلەن خەيرلىشىپ ئۆيىگە جۈنەپتۇ. ئۆيى بار كوچىنىڭ بېشىغا يېتەي دېگەندە ئۇنىڭغا بىر يىگىت ھەمراھ بولۇپتۇ. بۇ يىگىت شائىرلارنىڭ شائىرى ناۋائىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قولىنى سوزىدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىكەنۇ، ئەمما ئۆزىنى كۆرمىگەن ئىكەن. ئۇ شائىرغا سالام بەرگەچ:

— سىز مۇشۇ ياقتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ يېقىڭىز قەيەر؟ — دەپتۇ ناۋائى.

— قاياق بولاتتى. ناۋائى دېگەن شائىرنىڭكىگە ـ دە، دەپتۇ يىگىت ۋە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مەن يېزىدا تۇرىمەن. ئوتتۇن تېرىپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈ-

زىمەن. ئاڭلىشىمچە، ناۋائىي دېگەن كىشى چوڭ شائىر، پادىشاھلىقتىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشى بولسىمۇ، بىزدەك غېرىب - بىچارىلەرگە كۆپ نەپ يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن، شۇ كىشىدىن پاناھ ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلدىم، ئەمدى بىلسەم بۇ يەرگە كېلىپ خاتا قىپتىمەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ناۋائىي.

— ھەي، سىز سورىماڭ، مەن ئېيتماي. تېخىچە ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ شائىرىمىزنىڭ ھەجگە بارغۇسى كېلىپ قاپتۇ. بىلمىدىم چۈشى بۇزۇلۇۋاتامدىكىن؟!...

ناۋائىي يىگىت بىلەن گەپلىشىپ مېڭىپ، ئۆيىگە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قاپتۇ. قارىسا ھويلىسى ئادەمگە تولۇپ كەتكەن. ئۇلار ئارىسىدا شائىر - ھاپىزلار، خەتتات - كاتىپلار، ئويمىگەر - تاشتاراشلار، نەققاش - رەسساملار، ئىشقىلىپ دوستلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلىپلا قالماستىن، ناۋاي - ئاشپەزلەر، باغۋەن، تۆمۈرچى، ھارۋىكەش، ھاممال قاتارلىق شائىرنى بىلگەن - تونۇغانلارنىڭ جىمىسى بار ئىكەن.

— ئەنە، ھەزرىتىنىڭ ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى! — دەپ ھەممە ئۇنىڭغا يول بېرىپتۇ. ھېلىقى يىگىت ھەمراھىنىڭ ناۋائىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى چىشلەپتۇ.

ناۋائىي ھەيران بولغىنىچە:

— تىنچلىقمۇ ئۆزى؟ — دەپ سوراپتۇ شاگىرتىدىن.

— تىنچلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرتى.

— ئۇنداقتا، بۇنچىلىك كۆپ كىشىلەرنىڭ شائىر كۈلبىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يۈزىگە تەشۋىش ئالامىتىنىڭ سايە سېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ناۋائىي.

— بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سورىسىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرتى.

بۇ سوئال - جاۋابتىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرغانلاردىن بىرى:

— بىزنى تاشلاپ، سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ قالغانلىقىڭىز ھەققىدىكى مىش - مىشلار توغرىمۇ ھەزرىتىم؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

شائىر ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلەلمەي قاپتۇ. «ھەئە، سەپەرگە ئاتلاندىم» دېسە، خالايىقتىن خىجالەت بوپتۇ، «ياق» دەي دېسە، يالغان سۆزلەشتىن ئۆزىنى تارتىپتۇ. ئۆيىگە كەلگەنلەرگە قاراپ، بېشىنى ئېگىپ جىم تۇرۇۋېرىپتۇ. شۇ چاغ شاگىرتلىرىدىن بىرى:

— خالايىق، ئاڭلىمىغانلار ئاڭلاپ قېلىڭلار، ھەززىرىتىم ئەتە تاڭ سەھەردە دوست - ئاشنىلىرىغا بىلدۈرمەي، سەپەرگە جۆنەپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ھەممە كىشى غۇلغۇلا قىلىپ كېتىشىپتۇ. بىرسى:

— ھەزرەتنى بۇ يولدىن قايتۇرۇش لازىم. ناۋائىسىز ھالىمىز نېمە بولىدۇ؟ — دېسە، يەنە بىرسى:

— نېمە بولاتتى، يۇرت تىنچلىقى بۇزۇلۇپ، يەنە ناھەق قان تۆكۈشلەر باشلىنىدۇ، — دەپتۇ. گەپكە شائىرنىڭ ياشانغان دوستى بىناكار بىنائىي ئارىلىشىپتۇ:

— ھەزرەت، سەپەر ئىختىيارىنى تەرك ئېتىڭ. سىزسىز ھالىمىز خاراب بولىدۇ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر قېزىلماستىن، بىنالار سېلىنماستىن توختاپ قالىدۇ، ئەل بېشى توپىلاڭ، جېدەل - غەۋغادىن چىقمايدۇ...

ئۇنىڭ گېپىنى باشقىسى تارتىپ كېتىپتۇ:

— خەلق مەسچىت دېسە، مەسچىت سالدۇردىڭىز، مەدرىس دېسە، مەدرىس قۇردۇردىڭىز. سىز ياساتقان ھامماملار، كۆۋرۈكلەر، ئېرىقلار، ئۆستەڭلەر، باغۇ ۋارانلار، كۇتۇپخانىلار تاۋابىنىڭ ئورنىنى باسالماسمۇ؟

ياشانغان تۆمۈرچىنىڭ بۇ سۆزىنى يەنە بىرسى تارتىپ كېتىپتۇ:

— سىز يېتىملارغا ئاتا، ئۆيسىزلەرگە ئۆي، سۇسىزلارغا سۇ بولدىڭىز، سىزنىڭ رەھىم - شەپقەت، مۇرۇۋۋەتلىرىڭىزدىن ئادەملەرلا ئەمەس، بەلكى جانىۋارلار، ھاشارەتلارمۇ بەھرىمەندۇر، شۇنىڭ ئۆزى ساۋاپ.

تۆت ئەتراپتىن:

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئاتا! — دېگەن خىتاب ياڭراپتۇ.

ئادىمى ئەرسەڭ دېمە گىل ئادىمى،
ئۇنىڭكى يوق خەلق غېمىدىن غېمى.

دېھقان بوۋا ھەق گەپنى ئېيتتى. ئاخىر ئۆزىڭىز شۇ گەپنى دېمىگەنمىدىڭىز؟! سىز ئۆزىڭىزچە سەپەر ئىختىيار قىلىپ قالغان بولسىڭىز، خەلق بۇنى كېچىكتۈرۈش ياكى قالدۇرۇشىڭىزنى ئۆتۈنىدۇ.

ناۋائىي ئويلا - ئويلا، ھەجگە بېرىشنى كېيىنگە قويۇپتۇ. ئادەملەر بۇنى ئاڭلاپ شاد - خۇراملىق بىلەن ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىشىپتۇ، يېزىدىن كەلگەن ھېلىقى يىگىتنى ناۋائىي ئۆزىگە پەرزەنت قىلىۋاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



## ئورۇنسىز گۇمان

ھەزرىتى ناۋائى ئۆز دەۋرىدە شائىرلارنىڭ شائىرى بولۇش بىلەن بىللە، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ سارىيىدا باش مۇنشى (كاتىپ) ئىكەن. ھۇسەيىن بايقارا نېمە قىلماقچى بولسا ناۋائىدىن سوراپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلىدىكەن. ناۋائىنىڭ ئېيتقىنى - ئېيتقان، دېگىنى - دېگەن ئىكەن. ناۋائى ئەقىللىق، دانا، پۇقراپەرۋەر شائىر بولغاچقا، ئەل - يۇرت تىنچ ۋە ئامان ئىكەن. ئەمما ھەممە ياخشى كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى بولغىنىدەك، ناۋائىنى كۆرەلمەيدىغان، ئۇنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزۈشكە ئۇرۇنىدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. بۇ خىل قارا نىيەتلەر ناۋائىغا تۆھمەتلەر قىلىشىدىكەنۇ، ئەمما ھەر نۆۋەت ئۆزلىرى شەرمەندە بولۇشار، شائىر بولسا تېخىمۇ ئابرۇي تاپار ئىكەن. كۈنلەردىن بىرى ناۋائىنى كۆرەلمەي، يامانلىق ئويلاپ يۈرگەن كۆڭلى قارىلاردىن بىرى شائىرغا يەنە تۆھمەت توقۇپتۇ:

— ناۋائىنىڭ ئۆيلەنمەي، بۇنداق بويتاق يۈرۈۋېرىشىدە بىر سىر بار، — دەپتۇ ئۇ كىشى ئۆز - ئۆزىگە، — ئۆزى ياش، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۆيلەنمەيدۇ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار. پايلاپ يۈرۈپ بۇ سىرنى بىلىۋالاي، ئەگەر گۇمانلىرىم توغرا چىقىپ قالسا، ئۇ چاغدا پادىشاھ ناۋائىنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، ناۋائىنى پايلاشقا كىرىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شائىر تۇرىدىغان كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ناۋائىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. «ئامىتىم كەلدى» دەپ ئۇ ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپتۇ. نېمىسىنى ئېيتىسىز، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، ناۋائىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر گۈزەل يىگىت، سول تەرىپىدە بىر ساھىبجامال قىز پەس ئاۋازدا بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتقان ئىكەن، ھېلىقى كۆڭلى قارا كىشى ھۇسەيىن بايقارا سارىيىغا قاراپ چېپىپتۇ، پادىشاھقا يۈزلىنىپ ھولۇققىنىچە:

— ماختىلىپ يۈرگەن ھېلىقى شائىر ناۋائىنى ھېچبىر كۆرۈلمىگەن بىر جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشۈردۈم، ئالەم پاناھ، بۇيرۇسىڭىز بۇ يارىماس، نومۇسسىز شائىرنى ھەيدەپ كېلىپ، جازاسىنى بېرىشسە، — دەپتۇ. ھۇسەيىن بايقارا بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمەستىن:

— دوستۇم ئەلىشىر نېمە گۇناھ قىپتۇ، ئېنىقراق سۆزلە، — دەپتۇ.

— ئالەم پاناھ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ كۆڭلى قارا كىشى، — توغرا، ئالىيجاناب شائىر دەپ ماختىلىپ يۈرگەن ناۋائىنىڭ ئۆز ئۆيىدە بىر يىگىت ۋە بىر قىز بىلەن ئەيش - ئىشرەت سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، ھۆسنىدە تېڭى يوق ساھىبجامال بىر قىز ناۋائىنىڭ سول يەلكىسىگە، چىرايلىقلىقتا ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان بىر يىگىت ناۋائىنىڭ ئوڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويۇپ ئاللىنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئىكەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھۇسەيىن بايقارانىڭ تازىمۇ غەزىپى كەپتۇ. ئۇ: «بۇ ئىشنى ئېنىقلاش كېرەك» دەپ ناۋائىنىڭ ئۆيى ئالدىغا پايلاقچى قويۇپتۇ.

كۈن كىرىپ كەچ بوپتۇ. ناۋائى خانىسىدىكى شام يېنىپ، ھويلىغا يورۇق چۈشۈپتۇ. پايلاقچى قۇلاق سالسا، ئۆيدىن بىر - بىرىگە سەۋر - تاقەت ھەققىدە سۆزلىشىپ، ۋەدىلەر بېرىشىۋاتقان قانداقتۇ بىر قىز - يىگىتنىڭ پەس ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پايلاقچىمۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا ئالدىراپتۇ، ھۇسەيىن بايقارا ئەئيانلىرىنى ئېلىپ ناۋائىنىڭكىگە يېتىپ كەپتۇ، ئىشىكنى تاقىلدىتىپتۇ، لېكىن ئىشىك ئېچىلماپتۇ. سىرتتىن قاراپ تۇرغان پادىشاھ شائىرنىڭ ئۆيىدە يېنىۋاتقان شامنىڭ ئۆچۈپ، بىر ئازدىن كېيىن يەنە يانغىنىنى كۆرۈپتۇ. ھۇسەيىن بايقارادا ھېلىقى كىشىنىڭ سۆزىگە نىسبەتەن ھېچبىر گۇمان قالماپتۇ. ناۋائىنى بۇزۇقچىلىقتا ئەيىبلەپ جازاسىنى بېرىشكە قارار قىپتۇ. ئىشىكنى قاتتىق تاقىلدىتىشىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىچكىرىدىن خىيالغا پاتقان، پەرىشان ھالەتتە ناۋائى چىقىپتۇ - دە، ھۇسەيىن بايقارانى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

— دوستۇم، مەرھەمەت، قەدەملىرىگە مۇبارەك، — دەپ ھۇسەيىن بايقارانى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپتۇ.

ھۇسەيىن بايقارا ھېچ ئىشنى بىلمىگەن قىياپەتتە ناۋائىنىڭ سالىمىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىلىك ئاپتۇ، ھال - ئەھۋال سوراپ ئىچكىرى كىرىپتۇ، ئۆينىڭ ئۇياق - بۇيىقىغا قاراپ ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ، ھەيرانلىقتىن تىلىغا ئېلىپ - لامۇ كەلمەپتۇ.

— دوستۇم ئەلىشىر، بىزنى بۇ يەرگە سىزنىڭ بەزىبىر بىمەنە ئىش - ھەرىكەتلىرىڭىز كېلىشكە مەجبۇر قىلدى، بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا ئوچۇق جاۋاب بېرەرسىز

دېگەن ئۈمىدتىمەن، — دەپتۇ ھۈسەيىن بايقارا.

پادىشاھنىڭ زەھەرلىك سۆزىدىن شائىرنىڭ بېشى قېتىپ ھالىڭ - تالىڭ بولۇپ قاپتۇ.

— ئۇچۇقراق سۆزلىسىڭىز، مەن سىزنى رەنجىتكەدەك قانداق بىمەنىلىككە يول قويۇپتىمەن. ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار، ئەمما سىزدەك دوستۇمنى خاپا قىلغانلىقىمدىن خەۋىرىم يوقتۇر، — دەپتۇ ناۋائى.

— ھېلىراقتىلا يەلكىڭىزگە بېشىنى قويۇپ، ئاشىق - مەشۇقلۇقتىن گەپ سېتىۋاتقان قىز بىلەن يىگىتنى قەيەرگە يوشۇردىڭىز ؟ شۇ ئاشىق - مەشۇقلارنى بىزگە تاپشۇرسىڭىز، ھاياسىزلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىش كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىلەن بىللە بۇ يەردە بۇنداق ئىشرەت قىلىشمىسۇن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ناۋائى قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى بەتتەر كەپتۇ. ناۋائى ئۆزىنى كۈلكىدىن زورىغا بېسىۋېلىپ:

— شاھىم، بارلىق شۆبھە - گۇمانلىرىڭىز ئورۇنسىزدۇر. ئىلھامىم كېلىپ غەزەل يازسام ياكى بىرەر چوڭراق ئەسەرگە كىرىشسەم، ئۆز - ئۆزۈم بىلەن سۆزلىشىمەن، يار - بۇرادەرلىرىم بىلەن سۆھبەت قۇرىمەن. ياشلىقىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادىتىم، ھەممىدىن كۆپرەك سىلى تەقسىرگە مەلۇملۇق ئىدىغۇ ؟! شاھەنشاھىم، خەۋەرلىرىدە بار، مۇشۇ كۈنلەردە «خەمسە»گە ئىشلىمەكتىمەن. بۈگۈن كېچىمۇ پەرھاد بىلەن شېرىننى ھۇزۇرۇمغا بالدۇرلا چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن يەنە سۆھبەت قۇردۇم. پەرھاد شېرىننىڭ بېغىدا شېرىن بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، ئاشىقلىق دەردىدە ياندى، كۆيدى. كېيىن ئايرىلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قاراپ ئېيتقان سۆزلىرىنى قەغەزگە چۈشۈردۇم خالاس. ئەگەر يەنە سۆھبەتكە ئورۇن قالغان بولسا، مانا ئاڭلاڭ، — دەپتۇ شائىر ۋە ھېلىراقتا يازغان مىسرالىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىپتۇ:

ئالىب فەرھاد چۈنكىم ئاچتى نامە،

تەنى زەئىف ئەيلەدى ئەنداقكى خامە.

(پەرھات خەتنى ئېچىشى بىلەن ۋۇجۇدى خۇددى قەلەمدەك ئورۇقلاپ كەتتى)

ئوقۇماق باشلاغاچ ئۇل زار مەھزۇن،

بۇ ئېردى نامە ئەلفازىغە مەزمۇن.

(ئۇ ئېزىلگەن، ئۆكسىگەن بەختسىز خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى، خەتتىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى)

مۇھەببەت سېلىگە بېرگەن بېداد،

يىقاردە دېمەيىن ۋەيرانۇ ئاباد.

(ئەگەر ئۇ مۇھەببەت سېلىگە زۇلۇم قىلىشنى بۇيرۇسا، ئۇ سەل ئاۋات ۋە ۋەيران يەرنى بىردەك يىقتىدۇ)

كۆرۈپ خارۇ خەس ئورنۇڭدا، نىھانىي -

ساچىم بىرلەن سۇپۇرسەم ئېردى ئانى.

(ئەگەر ياتىدىغان جايىڭدا چۆپ - ئەخلەت كۆرسەم يوشۇرۇنچە چېچىم بىلەن ئۇنى سۇپۇرسەم)

تىلەر بولسالىڭ يۈزۈڭ كۆرمەككە كۆزگۈ،

يۈزۈم يۈزۈڭگە تۇتسام ئېردى ئۆترۇ.

(ئەگەر يۈزۈڭنى كۆرۈشكە ئەينەك سوراپ قالساڭ، يۈزۈمنى يۈزۈڭگە تۇتۇپ ئالدىڭدا تۇرسام)

سۇۋ ئىستەب چۈشسە ئوتلۇغ كۆڭلۈڭگە جوش،

لەبىمدىن تۇتسام ئېردى چەشمەئى نوش.

(ئوتلۇق كۆڭلۈڭگە سۇ ئىزدەپ قايناقلىق چۈشسە، ئۆز لېۋىمنى ھەسەل بۇلىقى قىلىپ ساڭا تۇتسام)

فىراقىڭ تىغىدىن يۈز پارە جانىم،

نى جانىم بەلكى جىسمىم ناتەۋانىم.

(جۇدالىقىنىڭ قىلىچىدىن جېنىم يۈز پارە بولغان، جېنىملا ئەمەس، كۈچسىز جىسمىممۇ شۇنداق بولغان)

ناۋائى سۆزلىرىدىن ئەسىر بولغان ھۈسەيىن بايقارا كەچۈرۈم سوراپ، تۆھمەتچىنىڭ جازاسىنى تېزراق بېرىش ئۈچۈن سارايغا قايتىپتۇ. ناۋائى بولسا پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ سۆھبىتىنى داۋام ئەتتۈرۈش ئۈچۈن شامنى يېقىپتۇ - دە، قولىغا قەلەم ئېلىپتۇ...

## ئانا سۈتى

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەلشىر ناۋائى قوشنا مەملىكەتنىڭ بىرىگە ساياھەتكە چىقىپتۇ. شەھەر كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كۆزى بىر ئايالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئايال ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا يىغلاپ ئولتۇرغان ئىمىش.

ناۋائى:

— ھوي سىڭلىم، قايغۇ ئوتىدا نېمە بۇنچە قورۇلۇسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال جاۋاب بەرمەپتۇ، ناۋائى يەنە سوئال قويۇپتۇ. شۇندا ھېلىقى ئايال:

— ئەي يولۇچى، نېمىسىنى ئېيتىسىز، ياخشىسى سىز سورىماڭ، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ - دە، يەنە يىغلاۋېرىپتۇ. ناۋائى:

www.uyghurkitap.com



— يىغىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىڭ، بەلكى ياردىمىم تېگىپ قالار، — دەپتۇ.

— ئېيتقۇزماي قويمايدىغان ئوخشايسىز، — دەپتۇ ئايال، — ھە مەيلى. ئېيتسام ئېيتاي. پادىشاھى ئالەم پاناھىمىزنىڭ بىر ئادىتى بار. ھەر يىلى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە تۇغۇلغان بالىلارنى 15 ياشقا كىرگەن چېغىدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ ئادەت تۈپەيلى نى - نى بالىلار ۋاقىتسىز ھالاك بولدى. مەنمۇ بۇنىڭدىن بىر كۈنى كەم 15 يىل بۇرۇن بىر ئوغۇل كۆرگەنىدىم، ئۇنى پادىشاھلىققا بىلىندۈرمەسلىككە قانچە ئۇرۇنساممۇ، ئايغاقچىلار بىلىپ قېلىپ، پادىشاھقا خەۋەر قىلىشقان ئىكەن. بۈگۈن ئادەم كېلىپ: «ئەتە ئوغلۇڭ 15 كە تولىدۇ، پادىشاھلىققا ئېلىپ كېتىمىز» دېيىشتى. يەككە - يېگانە كۆز نۇرۇمنىڭ كۈنى پاتتى. پادىشاھلىقتىن تىرىك قايتىشىغا ھېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ. «قانتى قايرىلغان لاچىن ئۇچالمايدۇ» دېگەندەك، بالامدىن ئايرىلغان كۈنۈم — مېنىڭ ھەم ئۆلگىنىم، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ئايالنىڭ گېپى ناۋائىغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. شائىر بالىنى قۇتقۇزۇشقا، پادىشاھنىڭ بۇ يارىماس خۇيىغا خاتىمە بېرىشكە بەل باغلاپتۇ.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ سىڭلىم، — دەپتۇ ئۇ ئايالغا قاراپ، — بىر ئىلاجىنى تاپىمىز، ھازىر ئوغلىڭىز قەيەردە؟

— ئۆيدە ياتىدۇ، — دەپتۇ ئايال. ناۋائى:

— مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىڭ، — دەپتۇ.

ئايال ناۋائىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن بالا ئورنىدىن تۇرۇپ ناۋائىغا سالام بېرىپتۇ، ناۋائى سالامنى ئىلىك ئېلىپ بالىنى بىر چەتكە ئىملەپتۇ ۋە قۇلىقىغا شۇبىرلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئاناڭغا ئېيت، ئۆز سۈتىدە خېمىر يۇغۇرۇپ، ساڭا ئىككى دانە توقاچ يېقىپ بەرسۇن.

بالا ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشنى بىلمەي قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ناۋائى:

— ئېيتقىنىمنى قىل، گېپىمنىڭ مەنىسىنى كېيىن ئېيتىمەن، — دەپتۇ بالىغا كەسكىن قىلىپ ۋە ئاخىرىدا، — مەن كەچتە يەنە كېلىمەن، — دەپ كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ. بالا ناۋائى ئېيتقان گەپلەرنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئانىسى بۇ گەپتە چوقۇم بىر ھېكمەت بار بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئۆز سۈتى بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپ، ئىككى توقاچ تەييارلاپتۇ. توقاچنى ئەمدى يېقىپ بولغان ئىكەن، ئۆيگە ناۋائى كىرىپ كەپتۇ. ئايالنىڭ قولىدىن توقاچلارنى ئېلىپ بالىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ توقاچلارنى قوينۇڭغا سالغىن - دە، قورقماستىن پادىشاھ سارىيىغا بار. پادىشاھ سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ، سەن قورقما. جاللاتلار ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئالدىدا، ئادەت بويىچە پادىشاھ سەندىن: «ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى تەلىپىڭنى ئېيت، بەجا كەلتۈرىمەن» دەيدۇ. شۇ چاغدا سەن: «سۇلتانىم بۇ توقاچنى يېسىلە»، دېيسەن - دە، توقاچتىن بىرنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىسەن، پادىشاھ ئالمايدۇ. قەھىر - غەزەپكە كېلىپ: «مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، توقاچقا زەھەر قوشقان بولساڭچۇ؟» دەيدۇ. شۇ چاغدا سەن تەمتىرىمە، قورقماستىن: «توقاچقا زەھەر قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ»، دېيسەن - دە، توقاچنى ئوتتۇردىن ئىككى قىلىپ يېرىمىنى يەيسەن. ئاخىرىدا پادىشاھمۇ نائىلاج قالغان يېرىمىنى يەيدۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپتۇ. تاڭ سەھەردە پادىشاھنىڭ ئايغاقچىلىرى كېلىپ، ئانىسىنىڭ داد - پەريادىغا قۇلاق سالماي، بالىنى ئالدىغا سېلىپ سارايغا ئېلىپ كېتىشىپتۇ. بالىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— مەن دۇنياغا كەلگەن كۈنى تۇغۇلغان ئىكەنسەن، ھازىر ئۆلۈشلىك شەرت. ئەمما ئۆلۈمنىڭ ئالدىدىن ئاخىرقى تەلىپىڭنى بەجىرىشكە ۋەدە بېرىمەن، خالىغىنىڭنى ئېيت، — دەپتۇ.

— مەرھەمىتىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، سۇلتانىم بەركەرەم، — دەپتۇ بالا، — ئاخىرقى ئىلتىماسىمنى بەجا كەلتۈرىدىغان بولسىڭىز مەيلى ئېيتاي، — بالا شۇنداق دەپ قويىنىدىكى توقاچتىن بىرنى ئېلىپ ئىككىگە بۆلۈپتۇ. بىر پارچىسىنى پادىشاھقا ئۇزىتىپتۇ - دە: «مۇشۇ توقاچنى يېسىڭىز» دەپتۇ. پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ: «نېمە، ئۆلۈمنىڭ ئالدىدىن مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن. بۇ توقاچقا زەھەر سېلىنغان بولسىچۇ؟» دەپتۇ - دە، جاللاتنى چاقىرىپتۇ. شۇ چاغدا بالا قىلچىمۇ قورقماستىن دادىل تۇرۇپ:

— توقاچنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى سىزگە بەردىم، ئۇنىڭغا زەھەر قوشۇلغان دەپ گۇمان قىلدىڭىز. مەيلى، ئاۋۋال مەن يەي. زەھەر قوشۇلغان بولسا، ئۆزۈملا ئۆلەي، — دەپتۇ بالا ۋە توقاچنىڭ يېرىمىنى يەپتۇ. توقاچقا زەھەر قوشۇلمىغانلىقىنى بىلگەن پادىشاھنىڭ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇشتىن باشقا ئىلاجى قالماپتۇ، توقاچنىڭ

(ئاخىرى 78 - بەتتە)



# «قومۇل مۇقامى»غا ئائىت تەتقىقات توغرىسىدا

«قومۇل مۇقامى» ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇ مۇزىكا، ئۇسلۇب، ناخشا تېكىستى قاتارلىق تەرەپلەردە كلاسسىك مۇقام — «ئون ئىككى مۇقام»دىن، شۇنداقلا يەرلىك مۇقاملاردىن «دولان مۇقامى» قاتارلىق مۇقاملاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «قومۇل مۇقامى» ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ كۆپ خىللىقلىقى ۋە موللۇقىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى سۈپىتىدە بىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

بۇ جايدا «قومۇل مۇقامى» غا دائىر ئىلگىرىكى تەتقىقات جەريانى ۋە نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى بىز بۇ ئارقىلىق يېڭى تەسەۋۋۇر، ئىلھامغا ئېرىشىمىز. تېخىمۇ جىددىي قىلىپ ئېيتساق، بۇ توغرىدىكى بايان ئىلگىرىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە بىزنىڭ «قومۇل مۇقامى»دىن تارتىپ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگىچە بولغان تونۇشىمىز، قارىشىمىز، تەتقىقاتتىكى مۇھىم نۇقتىمىز ۋە مېتودىمىز قاتارلىق بىر قاتار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ بۇ جايدىكى مەقسىتىمىز ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا قارىشىمىزنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش، ئىلگىرىكى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇلانمىسىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈندۇر.

ھازىر بىز ئۇچرىتالايدىغان ئەڭ بۇرۇنقى «قومۇل مۇقامى»غا دائىر يازما خاتىرە روسىيە تۈركولوگى كاتانوفنىڭ 1890 - يىلىدىن 1892 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا توپلىغان ماتېرىياللىرىدا ئۇچرايدۇ①. كاتانوف قارادۆۋىدە تۆمۈرخان ئىسىملىك بىرىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن قارا دۆۋىدىكى توي مۇراسىمى توغرۇلۇق خاتىرىلىگەن بىر بۆلەكتە «مۇقام» سۆزى ئۇچرايدۇ. 1892 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يازمىغا ئېلىنغان بۇ بايان مۇنداق





باشلىنىدۇ: «بىر ئەدەمنىڭ قىزىنى بىر ئەدەمنىڭ ئوغلى كۆرۈپ، ھەممە يىگىت، ئاغا ـ ئىنىلەرى بىرلەن، ئاخشام بولسا، قىزىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىپ قاتار ماقام ئەيتادۇ»② . مانا بۇ بىز ھازىر بىلىشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋاقىت جەھەتتىن ئەڭ بالدۇر يازمىغا ئېلىنغان، شۇنداقلا قومۇللۇقلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئىشىتىلگەن «مۇقام» ئىبارىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىزنى ھاياجانغا سالىدىغىنى شۇكى، كاتانوف 1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خاتىرىگە ئالغان «ھاي، ھاي ئۆلەن»دۇر③. بۇمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن بولغان ئەڭ بالدۇر يازما خاتىرىگە ئېلىنغان «قومۇل مۇقامى» غا تەئەللۇق ناخشا تېكىستىدۇر. بوسۇق نىياز ئىسىملىك كىشى تەمىنلىگەن بۇ تېكىست مۇنداق:

ئەگەل باشلاپ خۇدانى يات ئەتەينىڭ، ياربيار!
پەيغەمبەرلەر روھىنى سات ئەتەينىڭ، ياربيار!
ئەگەل دۇنيا يوق ئىدى، پەيدا قىلدى، ياربيار!
دوستى ھېبىپ خاتىرىدىن پەيدا قىلدى، ياربيار!
نەچۈن تۇرلۇك تۇپراقنى كەلتۇردىلەر، ياربيار!
پالچىق ئېتىپ ئەدەمنى سۇرەت قىلدى، ياربيار!
كەلتۇردىلەر روھنى، تىرگۈزدىلەر، ياربيار!
ئەدەم ئاتا تىرىلىپ، ئىمان ئەيتتى، ياربيار!
ھاگا ئانا ئەدەمگە لايىق ئىدى، ياربيار!
توي قىلماقلىق ئەدەمدىن قالغان تۇرۇر، ياربيار!
بۇ تويىنىڭ بىرىسى ئۆلۈم تۇرۇر ياربيار!
ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن كەربالادا، ياربيار!
لېبى تەشنا ئولتۇرۇر راھەت ئۈچۈن، ياربيار!
ئۈسۈپ بىرلەن زۈلەيخا مىسىر ئىچىدە، ياربيار!
يوقتۇر تېگى جاھاندا، مىسىر ئىچىدە، ياربيار!
ئۈسۈپ بىلەن زىلەيخا قېرىدىلار، ياربيار!
ئىشق ئوتىنى ئالەمگە تېرىدىلار، ياربيار!
ئۈسۈپ بىلەن زۈلەيخا بولسا ئىدى، ياربيار!
ئاشىقلىقنى ئۇلاردىن سۇرسا ئىدى، ياربيار!
ھەقتائالا ئەدەمنى تۇرگۈزدىلەر، ياربيار!

ھۆر قىزلەرنى بېھىشتە چىلڭ چىلڭ ئەيتتى يارىيار!
ھەقتائالا ئەدەمنى ياخشى قىلدى، يارىيار!
چاچراپ ئۆتكەن جەرەننى سېكىز دەگلار، يارىيار!
سېكىز قىزنىڭ بىرىنى سگنىم دەگلار، يارىيار!
قىزلارمۇغۇ خىرامان يارى بىرلەن، يارىيار!
قىز ئانىسى يىغلايدۇ زارى بىرلەن، يارىيار!
ئەرگىم ئەرگىم يوللاردا قىز كەلەدۇ، يارىيار!
قىزىل توننى پۈركىنىپ كىم كۆرەدۇ، يارىيار!
پۈركەنمە قىز پۈركەنمە، تويۇڭ بولدى، يارىيار!
ئالتۇن بىرلەن قورشۇدۇم، ئۆيۈڭ بولدى، يارىيار!
ئاق ـ ئاققىنا توشقانلار قۇمدا ئوينار، يارىيار!
قىز ئالماغان يىگىتلەر تويدا ئوينار، يارىيار!
قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا، يارىيار!
قىز ئالماغان يىگىتنىڭ دەردى تولا، يارىيار!
قارا ـ قارا قارغىلار خارماندادۇر، يارىيار!
قىز ئالماغان يىگىتلەر ئارماندادۇر، يارىيار!
يۇك ئاستىندا قاچاگنى دات بېسىپتۇ، يارىيار!
ئاتاڭ بىلەن ئاناگنى غەم بېسىپتۇ، يارىيار!
سگنىم سېنىڭ قىلقىلىڭ مىگغا يەتەر، يارىيار!
ساچىماقىگنىڭ ساچىسى يەرگە يېتەر، يارىيار!
ھاي يۆلەڭ ھاي يۆلەڭ، باشلادىلار، يارىيار!
گۈلنى ئېلىپ چىمەنگە تاشلادىلار، يارىيار!

كاتانوف خاتىرىگە ئالغان «ھاي، ھاي ئۆلەن» نىڭ پۈتۈن تېكىستىدىن قارىغاندا، ھازىر قومۇلدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ھاي، ھاي ئۆلەن» خېلىلا ئۆزگەرگەن بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن «قومۇل مۇقامى»نىڭ تېكىست جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

بىز يەنە سابىق سوۋېت ئېتنىپاقى تىلشۇناسى س. ي. مالوف 1914 ـ يىلى قومۇل رايونىدىكى دالا تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن ئىشلەپ چىققان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىئالېكتى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «قومۇل مۇقامى»نىڭ بىر قىسىم بۆلەك ـ پارچىلىرىنى ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن:

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىئالېكتى»نىڭ 15 ـ بېتى.
ئات ئايلىمدا كۆن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
كۆيۈپ تۇرغان ئوتنى سالدىلىڭ،
مېنىڭ ئىچىمگە. يار، ئاي.

بۇ ناخشا «قومۇل مۇقامى»دىكى «خۇپتى مۇقامى»نىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى شەكلى مۇنداق:

ئاي ئايلىمدا، كۆن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
چىقماس ئوتنى ماگا سالدىلىڭ،
دەردىم ئىچىمدە.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىئالېكتى»نىڭ 15 ـ بېتىدە:

ئاتام سەن، سەن!
ئانام سەن، سەن!
گۈلنى ناۋاتىم!
مەنگەن ئاتىم!
كىيگەن تونۇم!
يارنىڭ دۆلەتى يار ـ ئەي!

بۇ ناخشا «قومۇل مۇقامى»دىكى «چوڭ دۆر مۇقامى»دا مۇنداق شەكىل بىلەن كۆرۈلىدۇ:

ئاتام سەنسەن، ئانام سەنسەن،
گۈلنىڭ ناۋاتى.
مەنگەن ئاتىڭ، كىيگەن تونۇڭ،
يارنىڭ دۆلەتى.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىئالېكتى» 21 ـ بېتىدە:
ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلا، ئاناسىزلا،
كۆيۈپشكەن گۈل ئىكەن.

بۇ ناخشا «قومۇل مۇقامى»نىڭ «چوڭ دۆر مۇقامى» بىرىنچى چۇشۇرگىسىدە مۇنداق ئۇچرايدۇ:

ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىئالېكتى»نىڭ 39 ـ بېتىدە:

قاشىگىز قارامۇ قارا!
كىرپىكىگىز زىبىرۇ زەۋەر!
بار ئۇتتۇگغا مەن كۆيەرمەن،

www.uyghurkitap.com



سەن يۇرۇيسەن بىخەۋەر.

بۇ ناخشا «قومۇل مۇقامى»نىڭ «چوڭ دۇر مۇقامى» بىرىنچى چۇشۇرگىسىدە مۇنداق شەكىلدە كېلىدۇ:

قاشلىرىڭ قارا قارا،
كىرپىكلىرىڭ زىرۇ زەۋەر.
يار ئوتۇڭدا مەن كۆيەرمەن،
سەن يۇرۇيسەن بىخەۋەر.

مالوف گەرچە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىئالېكتى» ناملىق ئەسىرىدە «مۇقام» سۆزىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز خاتىرىگە ئېلىنغان قوشاقلار ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم نەقىراتلىرىدىن مالوفنىڭ بۇ قوشاقلارنى «قومۇل مۇقامى»نىڭ ئورۇندىلىش جەريانىدىن خاتىرىگە ئېلىش مۇمكىنلىكىنى قىياس قىلىمىز. ئۇنداقتا مالوف نېمە ئۇچۇن «مۇقام»نى تىلغا ئالماي، بۇ قوشاقلارنى «قوشاق»، «بېيىت»، «ناخشا» دەپ ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن: بىرىنچىدىن، مالوفنىڭ ئۆزى تىلشۇناستۇر. ئۇنىڭ تەكشۇرۇش ئوبيېكتى تىلدىن ئىبارەت. شۇڭا، مۇزىكا سەنئىتىگە بولغان ئامىللارنى كۆزدىن ساقىت قىلىغان بولۇشى ياكى دىققەت قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، «مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ ھادىسە ئەينى دەۋردىكى ئىلىم ساھەسىگە، بولۇپمۇ چەت ئەل ئىلىم ساھەسىگە نىسبەتەن تېخى نامەلۇم بىر ئۇقۇمدۇر. ئۇچىنچىدىن، ئەينى چاغدا تەكشۇرۇلگۇچىلەرنىڭ «مۇقام»دىن ئىبارەت بۇ ئاتالمىنى ئىشلەتمىگەن بولۇشمۇ ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. ئادەتتىمۇ «قومۇل مۇقامى»نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىن باشقا تېكىستلىرىنى «قوشاق»، «بېيىت» دەپ ئاتاشقا بولاتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مالوف تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان بۇ قوشاقلار ئازادلىقتىن ئىلگىرى توپلانغان ۋە يېزىق شەكلىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئەڭ مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۇپىتى بىلەن بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، «قومۇل مۇقامى»نى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى ئاساسلىق ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 90 ـ يىللارغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان. مۇشۇ 30 يىلدا «قومۇل مۇقامى» ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم توپلاپ رەتلەندى (20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قومۇل ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن بىر قېتىم خاتىرىگە ئېلىنغان ۋە رەتلەنگەن). مۇشۇ نەچچە قېتىملىق رەتلەش 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ قولغا ئېلىنغان «قومۇل مۇقامى»غا دائىر تەتقىقات پائالىيەتلىرى ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم ئاساس سېلىپ بەردى.

ئىلگىرىكى ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە مەنسۇپ تەتقىقاتلاردا گەرچە «قومۇل مۇقامى»نى مەخسۇس تېما قىلغان ماقالە، ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، نۇرغۇنى تەتقىقات ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر «قومۇل مۇقامى» ئۇستىدە توختالغان بولۇپ، بىزنى ھازىرقى بىر قەدەر پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن تەمىنلىگەن. بىز بۇ جايدا نەزەرىيە ۋە باشقا تەرەپلەردىن «قومۇل مۇقامى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىلمىي ئەسەرلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مەخسۇس تېما قىلغان چوڭ ھەجىمدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە، 1980 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىنى بىر قەدەر بالدۇر ۋۇجۇدقا چىققان دەپ ئېيتىشقا بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەسەر «مۇقام ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مۇقامنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «‹ئون ئىككى مۇقام›نىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى»، «‹ئون ئىككى مۇقام›دىكى تېكىستولوگىيىلىك مەسىلىلەر» ۋە «خاتىمە» قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى ئىككى بۆلەك بىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندى كىتابىنىڭ 1 ـ بابىدا «مۇقام» سۆزىگە ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. ئۇ «مۇقام» سۆزى «كۇسەن ـ توخار تىلى» دىكى «maka ـ yame» دىن كەلگەن، مەنىسى «چوڭ نەغمە»دىن ئىبارەتتۇر دەپ قارايدۇ④. مۇئەللىپ مۇشۇ يەكۇنگە ئاساسەن «مۇقام» سۆزىنى ئەرەب تىلىدىن كەلگەن دېگەن قاراشقا رەددىيە بېرىدۇ. مۇئەللىپنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇمكى، مۇئەللىپ بۇ خىل قاراشنى ئەينى چاغدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىكى ئەرەبچە نام ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئاساسلىنىپ مۇقامنى ئەرەب، پارس، ھىندىلاردىن كەلگەن دېگەن يەكۇنگە قارشى يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئەللىپ يەنە تارىخىي نۇقتە

دىن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ مەنبە جەھەتتىن يەرلىك مە-
دەنىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. 2 ـ بابتا، زور
مىقداردىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدىكى تارىخىي يازما
ماتېرىياللار، ئارخېئولوگىيە، تارىخشۇناسلىقتىكى دەلىللەر
بىلەن ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى قارىشىنى دەلىللەشكە تىرىشىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر
ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىيات تارى-
خى ئۈستىدە قىلغان ئىزدىنىشلىرىدىكى «ئۇيغۇر ئون
ئىككى مۇقامى» بىلەن «قومۇل مۇقامى»، «دولان مۇقا-
مى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلىك مۇقاملار ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە بولغان بىر قىسىم قاراشلى-
رىمۇ بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. مۇئەللىپ بۇ
يەرلىك مۇقاملارنى «مەشرەپ مۇقاملىرى» نامى بىلەن
«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىن پەرقلەندۇرىدۇ، شۇن-
داقلا ئۇلارنى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ «ئا-
ساسلىق مەنبەسى ۋە مۇھىم ئۇلى»⑤ دەپ قارايدۇ.
ئۇنىڭ قارىشىچە «قومۇل مۇقامى»، «دولان مۇقامى»
ۋەكىللىكىدىكى يەرلىك مۇقاملار «ئۇيغۇر ئون ئىككى
مۇقامى» غا قارىغاندا قەدىمىي، «ئەسلىي فورماتسىيىلىك»
ئېلېمېنتلارنى تېخىمۇ كۆپ ساقلاپ قالغان ئىدى.
«ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان لوپنۇر ساھىلى، قومۇل تاغ-
لىرى، تارىم ۋادىسىغا كەڭ قانات يايغان دولان —
قومۇل مۇقاملىرى ‹ئون ئىككى مۇقام›نىڭ كونا مەنبەسى
ۋە ئەسلىي گەۋدىسى بولۇپ، قومۇل تاغلىرى، ئاراتۇ-
رۇك دەريالىرى، بارىكۆل يايلاقلىرى، تۇرپان ئۈزۈمزار-
لىقى، كورلا ۋە چاقىلىق يېزىلىرى، مەكىت، مارالبېشى
بوستانلىرى ۋە تارىم، يەكەن دەريا ۋادىسىدا ئۆزىنىڭ
سالماق ـ قايناق ئەلنەغمىلىرى ۋە مەشرەپلىرى بىلەن
ئەل ئىچى سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق شەكلى سۈپىتىدە ھېلىمۇ
داۋام قىلماقتا. خوتەن ۋە دولاننىڭ يىراق يېزىلىرىدا، قو-
مۇلنىڭ چوڭقۇر تاغلىق كەنتلىرىدە ساقلانغان چالغۇ قو-
راللىرى ۋە مەشرەپ نەغمىلىرى بىزنىڭ سۈي ـ تالڭ
دەۋرى بىلەن كېيىنكى زامانلار ئارىسىدىكى ناخشا ـ
ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى بېيىت-
دۇ. بىر تەرەپتىن، تالڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىچكى
ئۆلكىلەرگە يېقىن تۇرغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام-
يەتنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىن يىراقلىقى ۋە ئىسلام
دىنىنىڭ كېچىكىپ تەسىر قىلغانلىق سەۋەبلىك قومۇل
تاغلىرى بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈشنىڭ بىر جانلىق مۇ-

زېيى، قەدىمكى ۋە كېيىنكى زامان مۇزىكىچىلىقى تارى-
خىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ»⑥.
ئۇ يەنە تارىختىكى «ماھادۇر» بىلەن «قومۇل مۇقا-
مى»دىكى «چوڭ دۇر مۇقامى»، «ئۇلۇغ دۇر» مۇ-
قاملىرى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بولۇشى
مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ⑦.

1983 ـ يىلى مۇقامشۇناس گۇەن يېۋېي ئەپەندى
«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 2 ـ سانىدا «مۇ-
قامنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» ناملىق ما-
قالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ بۇ ماقالىسىدە «ماھادۇر»
ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ قاراپ، «مۇقام»
ئىبارىسىنى «كۇسەن تىلى»دىكى «makayikne» دېگەن
سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، «چوڭ كۈي» مەنىسىدە دەپ
ئىزاھلايدۇ ۋە دەلىل سۈپىتىدە «قومۇل مۇقامى»دىكى
«چوڭ دۇر مۇقامى»، «ئۇلۇغ دۇر مۇقامى»نى ئىسپات
قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

گۇەن يېۋېي ئەپەندى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ رايون
ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «قەشقەر، يەكەن مۇقاملىرى»،
«دولان مۇقاملىرى»، «قومۇل مۇقامى»دىن ئىبارەت
ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ. ئۇ «قومۇل مۇقامى» ھەققىدە توخ-
تىلىپ، «قومۇل مۇقامى»نىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلما،
مەزمۇن، ئۇسلۇب قاتارلىق تەرەپلەردىن ئۆزگىچىلىكلەر-
گە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قەدىمكى
ئۇيغۇر مۇزىكا ئامىللىرىنى ساقلىغانلىقىنى، شۇنداقلا
«قەشقەر، يەكەن مۇقاملىرى»، «دولان مۇقاملىرى»نىڭ-
مۇ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. بۇنىڭ-
دىن باشقا، گۇەن يېۋېي ئەپەندى «قومۇل مۇقامى»دى-
كى بىر قىسىم مۇقاملارنىڭ ئىككى چۈشۈرگىدىن تەشكىل
تاپقانلىقىغا قاراپ «‹قومۇل مۇقاملىرى› ئەسلىي 19 مۇقام-
دىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 12 دىن ئىبارەت بۇ سان مۇ-
قەددەس دەپ قارالغانلىقتىن 12 گە يىغىنچاقلانغان»
دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ⑧. پۈتكۈل ماقالىنىڭ
مەزمۇنىدىن قارىغاندا، گۇەن يېۋېي ئەپەندى ئۆز ماقالى-
سىدە «مۇقام بىر خىل قەدىمىي سەنئەت شەكلىدۇر.
ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ماھادۇردىن ئىبارەت. ...
مىلادى 4 ـ ئەسىردىلا كۇسەن ۋەسىقىلىرىدە ‹مۇقام›
سۆزى رەسمىي كۆرۈلگەن» دېگەن قاراشنى كۈچەپ تە-
شەببۇس قىلىپ، مۇقامنىڭ سىرتتىن كىرگەنلىكىنى ئىنكار
قىلىدۇ. بىز بۇ خىل قاراشنىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





مىن ئوتتۇرىغا قويغان قاراش بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

«شىنجاڭ سەنئىتى»نىڭ 1989 - يىللىق 6 - سانىدا داڭلىق مۇقامشۇناس ۋەن توڭشۇ ئەپەندى «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇ. ۋەن توڭشۇ ئەپەندى «ئەل ئىچىگە تارقالغان ‹ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى› نىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى، تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئورۇندىلىش ئۇسلۇبى تەرەپلەردىن قارىغاندا ئاساسلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىرى يەنە ئوخشىمىغان رايون ئۇسلۇبلىرىغا ئىگە»دۇر دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۆلۈشىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى قەشقەر، خوتەن، كۇچا ۋە ئىلى تەرەپلەرگە تارقالغان «قەشقەر مۇقاملىرى»، يەكەن دەرياسى، تارىم دەريا بويلىرىدىكى مەكىت، ئاۋاتتىن، لوپنۇرغىچە تارقالغان «دولان مۇقاملىرى»، شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇل، ئاراتۈرۈكلەرگە تارقالغان «قۇمۇل مۇقامى»، پىچان، تۇرپانلارغا تارقالغان «پىچان مۇقاملىرى»دىن تەشكىل تاپقان ئىدى. بۇ خىل تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە ھەرقايسى رايونلار مۇقاملىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ دەپ ئېيتالايمىز. شۇ ۋەجىدىن كېيىنكى چاغلاردا بۇ خىل بۆلۈش ئۇسۇلى كۆپ قىسىم مۇقامشۇناسلار تەرىپىدىن ئاساسەن قوبۇل قىلىندى. ۋەن توڭشۇ ئەپەندى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ، «قۇمۇل مۇقامى» ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «17- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنى زور كۆلەمدە قۇمۇلغا كىرىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، قەشقەر ‹ئون ئىككى مۇقامى›نىڭ تەسىرى بىلەن شۇ رايوندىكى ئەل ئىچى ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇل مۇزىكىسى ئاساسىدا، ‹ئون ئىككى مۇقام›نىڭ مۇقەددىمە ئاھاڭىنى يۇغۇرۇپ، تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە ‹قۇمۇل مۇقاملىرى› شەكىللەنگەن». ئۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى ھەمدە 1982 - يىلىدىكى «قۇمۇل مۇقامى»نى رەتلەپ لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن «قۇمۇل مۇقامى»دىكى ھەرقايسى ناخشا بۆلەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن زىچ بولسىمۇ، لېكىن ژانىر ۋە ئاخىرلىشىش شەكلى جەھەتتىن ناھايىتى كۈچلۈك مۇستەقىللىققا ئىگە» ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان ئىدى. ئۇ يەنە «قۇمۇل مۇقامى»نىڭ ئەل ئىچى ئۇسسۇلى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىگە قاراپ تۇرۇپ «قۇمۇل مۇقامى»نى «ناخشا مۇزىكىلىق يۈرۈشلۈك كۈي» بولۇش بىلەن بىرگە يەنە «ناخشا - ئۇسسۇللۇق يۈرۈشلۈك كۈي» دەپ قارايدۇ.

1992 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ناملىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇقام تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ ماقالىلەر توپلىمىغا جەمئىي 25 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، ئىزدىنىش نۇقتىسى كۆپ خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىراق، «قۇمۇل مۇقامى»نى مەخسۇس تېما قىلغان ماقالە يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىدا گەرچە «قۇمۇل مۇقامى» بىلەن باغلىنىشلىق مەزمۇنلار بولسىمۇ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان مەزمۇنلاردىن ھالقىپ كېتەلمىگەن ئىدى. 1995 - يىلى مۇشۇ ماقالىلەر توپلىمى ئاساسىدا قېيۇم تۇردى، تۇرسۇن سادىق قاتارلىقلارنىڭ تۈزۈشىدە «ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇنىڭغا بەگمەت يۈسۈپنىڭ «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، يۈسۈپ ئەخمەتنىڭ «قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى»دىن ئىبارەت ئىككى پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

1993 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتى «‹قۇمۇل مۇقاملىرى› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. 1994 - يىلى بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتۇرۇلغان ماقالىلەردىن تۈزۈلگەن «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 25 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ بەزى ئۆزگىچىلىكلىرى ھەققىدە»، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى — قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە»، ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ «قۇمۇل خەلق فولكلورىدىكى مۇقەددەس سان ‹توققۇز› توغرىسىدا» قاتارلىق سالماقلىق ماقالىلىرى بار. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە «قۇمۇل مۇقامى» نى «ئېۋىرغول

مۇزىكىسىنىڭ داۋامى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە «قومۇل مۇقامى» قەدىمىيلىكى، مۇزىكا قۇرۇلمىسى ۋە ئورۇندىلىشى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، ناخشا تېكىستلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپلۇكى، چۈشىنىشلىكلىكى، يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتى، پسىخىكىسى بىلەن مەھكەم باغلىنىشچانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ «قومۇل مۇقامى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلىك مەدەنىيىتىدىكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئامىللارغا ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ.

1994 ـ يىلى ما چېڭشياڭ ئەپەندى «شىنجاڭ سەنئىتى»نىڭ شۇ يىللىق 5 ـ سانىدا «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى مۇزىكىسىغا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدە «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى كۈي شەكلى، قۇرۇلما، سىمفونىيە، ئاھاڭ، گارمونىيە، رىتىم قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇقاملاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ» دەپ قارايدۇ. ما چېڭشياڭ ئەپەندى بۇ ماقالىسىدە ئاساسلىق قۇرۇلما شەكلى، مېلودىيە، ئاھاڭ ۋە گارمونىيىدىن ئىبارەت تۆت نۇقتىدىن «قومۇل مۇقامى» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە «قومۇل مۇقامى» مۇ قۇرۇلما جەھەتتىن « ‹مۇقام› ‹مۇقەددىمە›» دىن باشلىنىپ ئاستا سۈرئەتكە كىرىدۇ؛ ئاندىن تەدرىجىي تېزلىشىپ ئوتتۇرا سۈرئەت — سەل تېز ئوتتۇرا سۈرئەت — كىچىك تېز سۈرئەت — تېز سۈرئەت تەرتىپى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان» «مۇقام قېلىپى»غا ئىگە دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۇنداقلا، «قومۇل مۇقامى»نىڭ «خەلق ناخشىلىرى تۇتاش كېلىدىغان، چۈشىنىش ئاسان»، بىر قىسىم مۇقاملار ئىككى چۈشۈرگىدىن تەركىب تېپىشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مېلودىيە مەسىلىسىدە ما چېڭشياڭ ئەپەندى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «قومۇل خەلقى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ناچار تەبىئىي مۇھىتتا قۇم ـ بوران بىلەن كۈرەش قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن تۇرمۇشى نامرات ۋە قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن. بۇ خىل تارىخىي تراگېدىيە مىللىي پسىخىكىدىكى ئازاب تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرگەن». شۇنىڭ بىلەن «تراگېدىيە تۈسىنى ئالغان تۆۋەن قۇرلۇق گامما»لىق مېلودىيە ھادىسىسى شەكىللەنگەن. «قومۇل مۇقامى»دا يەنە «مېلودىيىسىدە تەتۈر موردېنت» ھادىسىسى بار. «قومۇل شىنجاڭنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىچكىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، تارىختا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇشۇ سەۋەبتىن بۈگۈنكى قومۇل ئون ئىككى مۇقامدا غەربىي شىمالدىكى باشقا ئەل ئىچى مۇزىكىلىرى بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇش ئىزنالىرىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.» ئۇ يەنە ئاھاڭ مەسىلىسىدە «قومۇل مۇقامى»نى مۇنداق دەيدۇ: «قومۇل ئون ئىككى مۇقامدا جۇڭگونىڭ بەش تونلۇق، ئالتە تونلۇق، يەتتە تونلۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل ئاھاڭلىرى بار بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ياۋروپا ئۇسلۇبىغا ئىگە چوڭ، كىچىك سىستېما ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى كۆپ ئۆزگىلىك ئاھاڭلارمۇ بار». گارمونىيە جەھەتتىن «‹قومۇل مۇقامى› نىڭ مۇزىكىسىدا مەنپىيلىك تەرەپتىكى فۇنكسىيىسى ۋە رولى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ». «مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا قومۇل ئون ئىككى مۇقامى گارمونىيە فۇنكسىيىسىنىڭ قوللىنىشى جەھەتتىن جۇڭگونىڭ كۆپ ساندىكى ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى بىلەن يىلتىزداش بولۇپ مەنپىيلىك جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رولنى تەكىتلەيدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. رىتىم، تاكت جەھەتتىن، «قومۇل مۇقامى» دا 5/8، 7/8 دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇدار شەكلى بار. بۇنىڭدىكى «5/8 مۇ ئىككى خىل بولۇپ، بۇنىڭ بىرى ئۆلچەملىك 5/8 ئۇداردۇر». «يەنە بىرى بولسا بىر قەدەر ئالاھىدە. ئۇنىڭدىكى بىر ئۈچلۈك ئۇدار بىلەن يەنە بىر ئىككىلىك ئۇدارنىڭ ۋاقىت قىممىتى تەڭ كېلىدۇ». «بۇ خىل ئۇدار بىر قەدەر ئالاھىدە بولۇپ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى ۋە مۇقاملىرىدا مەۋجۇت ئەمەس». 7/8 ئۇدارىمۇ «شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقامى ۋە باشقا خەلق ناخشىلىرى، تاجىك خەلق مۇزىكىسىدىكى 7/8لىك ئۇدارغا بەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ».

1997 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئاساسىدا يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى. كىتاب جەمئىي 16 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ،

ئالدىنقى سەككىز بابتا مۇقامنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى بايان قىلىنغان. 9 ـ بابتا بولسا ئاساسلىق «ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقامى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى بايان قىلىنغان. بىز بۇ جايدىكى يەرلىك مۇقاملارغا بولغان ئاتاشتىن ئاپتورنىڭ «قومۇل مۇقامى»، «دولان مۇقامى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ «كلاسسىكلىق» نى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئاپتور بۇ قىسىمدا «قومۇل مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلگىرىكى قاراشلىرىدا چىڭ تۇرغان. ئۇ «قومۇل مۇقامى» «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىي گەۋدىلىرىنىڭ بىرى»، «تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلغان ‹ماھادۇر› ۋە ‹ئېۋىرغۇل نەغمىسى› بىلەن ھازىرقى ‹دۇر›، ‹ئۇلۇغ دۇر› مۇقاملىرىنىڭ يىراق يىلتىزداشلىقى مەۋجۇت» ⑨ دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە «قومۇل مۇقامى»نىڭ فولكلورلۇق قىممىتىنى تەكىتلەيدۇ. «قومۇل مۇقامى» بىلەن «دولان مۇقامى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن يۈرەكلىك بىلەن قومۇل، دولان ئۇيغۇرلىرى ھەم ئۇلارنىڭ مۇقاملىرى قەدىمكى كروران ئاھالىسى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قىياس قىلىدۇ.

1998 ـ يىلى تەيۋەنلىك سەي زوڭدې ئىسىملىك بىرى «‹قومۇل مۇقامى›نىڭ مۇزىكىسى ۋە ئەنئەنىسى» تېمىسىدىكى دوكتورلۇق ئۇنۋان ماقالىسىنى تاماملايدۇ. بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇزىكىسى»، «قومۇل مۇقامىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى»، «جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇزىكا سىياسىتى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، «ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كونتېكىستىدىكى ‹قومۇل مۇقامى›نىڭ ئورۇندىلىشى»، «‹قومۇل مۇقامى›نىڭ مۇزىكا سىستېمىسى»، «‹قومۇل مۇقامى›نىڭ ئاھاڭ سىستېمىسى» قاتارلىق جەمئىي ئالتە بابتىن تەشكىل تاپقان. سەي زوڭدې ئەپەندى ماقالىسىنىڭ 1 ـ بابىدا شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر مۇزىكا كاتېگورىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەر، 2 ـ بابىدا قومۇل بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى، «ماھادۇر» بىلەن ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ مۇناسىۋىتى، «ئېۋىرغول» نەغمىسى بىلەن «قومۇل مۇقامى»نىڭ مۇناسىۋىتى، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا بولغان تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. سەي زوڭدې «ماھادۇر» بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرى نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. «قومۇل مۇقامى» دىكى «ئۇلۇغ دۇر مۇقامى» بىلەن «ماھادۇر» ئوخشاشلا «چوڭ نەغمە» مەنىسىدە دېگەن تونۇشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېۋىرغول نەغمىسى «قومۇل مۇقامى»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. 4 ـ بابتا «قومۇل مۇقامى» بىلەن قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۈرلۈك مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى ۋە «قومۇل مۇقامى»نىڭ زامانىۋىلىشىش دولقۇنى داۋامىدا دۇچ كەلگەن كرىزىسلىرى، 5 ـ بابتا «قومۇل مۇقامى» نىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى، ئۇدار، رىتىم، قومۇل سەنىمى، ناخشا تېكىستى ۋە ناخشا تېكىستىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىق مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتىدا ئەڭ زور تەسىر كۈچىگە ئىگە تەتقىقاتچىلاردىن بىرى بولغان جوجى ئەپەندىنىڭ «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»⑩. «مۇقام» (2005 ـ يىلى، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى)، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» (2006 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىمۇ «قومۇل مۇقامى»غا ئالاقىدار مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. جوجى ئەپەندىنىڭ ئۆزى مۇزىكاشۇناس، شۇنداقلا ئۇزاق مەزگىللىك دالا تەكشۈرۈشى كەچۈرمىشىگە ئىگە، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىغا پىششىق تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بىر قىسىم نەزەرىيىۋى ئىزدىنىشلىرى ۋە قاراشلىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ «مۇقام»دىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلىش مەسىلىسىدە كۆپ يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ: «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىملار مۇقام مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەت، رايون ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا قاراپلا ئاددىي يوسۇندا مۇقامنى ‹ئىسلام مەدەنىيىتى› كاتېگورىيىسىگە تەۋە قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە بولغان

تەسىرىگە سەل قاراۋاتىدۇ. ئەگەر بىز «مۇقام» مەۋجۇت
بولغان دۆلەتلەرگە دىققەت قىلساق مۇقامنىڭ «بوستانلىق
مۇسۇلمانلىرى»غىلا خاس ئىكەنلىكىنى بايقايمىز ... مەن
كۆپ يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق «مۇقام»نىڭ ئاسىيا، ئافرىقا،
ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدىكى «زەنجىر سىمان
بوستان بەلبېغى»غا تارقالغان تىپىك بوستان مەدەنىيىتىنىڭ
مەھسۇلى دېگەن قاراشقا كەلدىم. بۇ جايلاردىكى ئېكولوگە-
يىلىك مۇھىت، جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت-
نىڭ تارىخىي جۇغلانمىسى «مۇقام»دىن ئىبارەت بۇ مەدەنى-
يەت ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەبتۇر»⑪
. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس. ئۇ
مەلۇم دەرىجىدە «مۇقام»دىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت ھادى-
سىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئوخ-
شاشلا بىزنىڭ «قومۇل مۇقامى» نى بايان قىلىشىمىز ئۇ-
چۈنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

جوجى ئەپەندى تەتقىقات مېتودى جەھەتتە تېخىمۇ
بەكرەك سېلىشتۇرما تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بەرگەن.
چۈنكى، سېلىشتۇرۇش ئەمەلىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ
ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇقام-
نىڭ مۇزىكا فورماتسىيىسى تەرەپتىن قىلغان تەتقىقاتلىرى
بىزنى مۇقام توغرۇلۇق، شۇنداقلا ھەرقايسى جايلاردىكى
ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرۇلۇق تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە
بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە «قومۇل مۇقامى»دا
«خەنزۇ ۋە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ
ئەنئەنىۋى مۇزىكىسىدا زور مىقداردا مەۋجۇد بولغان
«بەش تونلۇق ئاھاڭ شەكلى» نىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى
باشقا تۇردىكى مۇقاملاردىن يۇقىرى ئىدى⑫. ئۇ يەنە
«قومۇل مۇقامى» قۇرۇلما جەھەتتىن «ناخشا ـ ئۇسسۇل
مۇزىكىلىرىنىڭ ئۇلانما گەۋدىسى»گە مەنسۇپ؛ «قومۇل
مۇقامى»دا مېلودىيە ۋە ئاھاڭ پەقەت قىسمەن قىسىملار-
دىلا ئىزچىللىقنى ساقلىغان؛ تاكىت ئۆزگىرىش تەرتىپى
مۇقىم ئەمەس دېگەنلەرنى تەكىتلەيدۇ. جوجى ئەپەندى
ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئېيتىلىش
جەھەتتىكى ئۇسلۇبىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەنە
««ئون ئىككى مۇقام» بىلەن «تۇرپان مۇقامى»نىڭ ئېيتىلى-
شى نەپىس، «قومۇل مۇقامى»نىڭ ئېيتىلىشى ئاددىي ـ
ساددا، «دولان مۇقامى» نىڭ بولسا جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ
كېلىدۇ»⑬. ««قومۇل مۇقامى»دىكى بىر قىسىم ناخشىلار
ئۇسلۇب جەھەتتىن شەنشى خەلق ناخشىلىرى، خۇار قاتارلىق
جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىل-
لەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ»
⑭. ««مۇقامغا خەنزۇچە ناخشا تېكىستىنى سەپلەپ ئېيتىش
(خەنزۇچە تېكىست سەپلەنگەن ناخشا پەقەت بىر جايدا
ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، بۇ خىل
ئامىل يۇمۇرىستىك تۈيغۇ بېغىشلاش، قىزىزىقچىلىق قىلىش-
نى مەقسەت قىلغان ـ ئا) «قومۇل مۇقامى»دا كۆرۈلىدىغان
ئالاھىدە بىر ھادىسە بولۇپ، بۇ، بۇ جاينىڭ مۇزىكىسى
ۋە مەدەنىيىتىنىڭ خېشى كارىدورى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتى-
كى خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇزئارا تەسىر
كۆرسىتىپ يۇغۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ»⑮.
««قومۇل مۇقامى»دىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر قومۇل رايونى-
نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە بىر قەدەر ئۇزاق داۋاملاش-
قان بۇددا دىنى ئاساس قىلغان كۆپ دىنلىق تارىخىي كە-
چۈرمىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر» دېگەندەك خۇلاسى-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.



بىزنىڭ نۆۋەتتە ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىزغا قارى-
غان چاغدا چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى،
بولۇپمۇ «قومۇل مۇقامى» ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلە-
رى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاند-
لىق باتۇر ئەرشىدىنوۋنىڭ 2002 ـ يىلى ئالمۇئاتادا نەشر
قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدى-
كى بىر قىسىم بايانلار بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىي-
دۇ. باتۇر ئەرشىدىنوۋ ئەپەندى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى
تۆرگە ئايرىغاندا «قومۇل مۇقامى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ھەرقايسى ئەل ئىچى مۇقاملىرىنى «كلاسسىك مۇقامنىڭ
تەسىرىدە شەكىللەنگەن بالا مۇقام» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ
بۇ خىل قاراشنىڭ تۆرتكىسىدە باشقا يەرلىك مۇقاملارنى
«ۋارىيانت» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ تونۇشىدا «ئون
ئىككى مۇقام»نىڭ جەمئىي يەتتە ۋارىيانتى بار بولۇپ،
ئۇلار قەشقەر ۋارىيانتى، خوتەن ۋارىيانتى، دولان ۋارى-
يانتى، ئىلى ۋارىيانتى، ئاقسۇ ـ كۇچا ۋارىيانتى، قومۇل
ۋارىيانتى، تۇرپان ۋارىيانتى قاتارلىقلاردىن تەشكىل
تاپقان. باتۇر ئەرشىدىنوۋ ئەپەندىنىڭ بۇ خىل بۆلۈش
ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مۇقامنىڭ جۇغراپىيىلىك تار-
قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇقامنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى،
مۇزىكىلىق فورماتسىيىسى قاتارلىق ئاساسلىق مەسىلىلەرگە
سەل قارىغانلىقى مەلۇم. شۇڭا، بۇ خىل تۆرگە بۆلۈش
ئۇسۇلىنىڭ توغرۇلۇقى ھەققىدە گۇمانىي پوزىتسىيىدە بو-

لۇشىمىز تەبىئىي. چۈنكى، ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتىن قاردىغاندا بىز «قومۇل مۇقامى»نى قەشقەر رايونىنى مەركەز قىلغان كلاسسىك مۇقام ياكى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ۋارىيانتى دەپ ئېيتىشىمىز ئىنتايىن قىيىن.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالە ۋە ئەسەرلەر «قومۇل مۇقامى» تەتقىقات ساھەسىدە بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىدۇر. ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقامى» («ئون ئىككى مۇقام») بىلەن «قومۇل مۇقامى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تالاش-تارتىشتىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. مېنىڭ قارىشىمچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاددىي يوسۇندىكى «كىم كىمدىن كەلگەن»لىك مەسىلىسى ئەمەس. بىز «قومۇل مۇقامى»دىكى «قەدىمىيلىك»كە ئىگە ئېلېمېنتلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپلا ئۇنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»غا بولغان تەسىرىنى مۇنداق ياكى ئۇنداق دەپ كېتەلمەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرۇلما فورماتسىيىسى، ناخشا تېكىستى ۋە ئورۇندىلىش جەريانىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن قاردىغىنىمىزدا «قومۇل مۇقامى»نى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ «ۋارىيانتى» دەپ ئېيتىشىمىزمۇ قىيىن. بۇنداق چۈشىنىش ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى ئىنكار قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت بولغان ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تېخىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئەڭ بولمىغاندا ئوخشاش مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مۇزىكا سەنئىتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان قىلىپ ۋە يۈنىلىشنى ئىپادىلىگەن، خالاس.

ئۇنداقتا «ماھادۇر» بىلەن «قومۇل مۇقامى» دىكى «چوڭ دۇر»، «ئۇلۇغ دۇر»لارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ «جىننامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە جاڭچيەننىڭ غەربىي يۇرتتىن «ماھادۇر»دىن ئىبارەت بۇ مۇزىكىنى غەربىي ئاستانە (لوياڭ)گە ئەكەلگەنلىكى، ليەننيەننىڭ «ماھادۇر» ئاساسىدا ھەربىي ئوركېستىر مۇزىكىسى ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىسى مۇنداق:

横吹有双角,即胡乐也 。张博望入西域,传其法于西京,唯得摩诃兜勒一曲 。李延 年因胡曲更造新声二十八解;乘舆以为武乐 。

ھالبۇكى، «تارىخنامە» دە جاڭچيەن، ليەننيەن قاتارلىق ئىككى تارىخىي شەخس تىلغا ئېلىنسىمۇ، لېكىن «摩诃兜勒» ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «摩诃兜勒» نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا نىسبەتەن ئۆز گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ⑯. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆز دەۋرىدە «تارىخنامە»دە تىلغا ئېلىنمىغان ئىشنىڭ 400 يىلدىن كېيىنكى «جىننامە»دە پەيدا بولۇپ قېلىشى ئىنتايىن گۇمانلىق ئىدى. مېنىڭ قارىشىمچە بۇ خىل گۇمان «摩诃兜勒» نىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىتىلغانلىقى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا تېگىشلىكلىكىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن «摩诃兜勒» تارىختىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىزمىز. بۇ «摩诃兜勒»نىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ لوگىكا جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. خەنزۇچىدىكى «摩诃兜勒» «mahador» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. سېن جوڭمىيەن ئەپەندى «machin» سۆزىنى ئىزاھلىغان چاغدا «بۇ ئىسىمنىڭ يەنە machin, masin, maha china دەك كۆپ شەكىللىرى بار. بۇ ئەسلىي سانسكرىتچىدىكى mahachinisthana بولۇپ، خەنزۇچىدا 摩诃震旦 («يېڭى تاڭنامە») دەپ ئېلىنغان. بۇ ئەمەلىيەتتە maha بىلەن chinaنىڭ بىرىكىشى بولۇپ، china نىڭ ‹چىن› نى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بۈيۈك چىن دېگەنلىكتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ⑰. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى سانسكرىتچىدىكى «maha» سۆزىنىڭ خەنزۇچىدا «摩诃» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى ھەرگىزمۇ تاساددىپىي ئەمەس. بۇنىڭدىن قارىغاندا «摩诃兜勒» سۆزىنىڭ ئويدۇرۇلغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. «兜勒» نىڭ مەنبەسىنى تولۇق بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىز «جىننامە»دە «摩诃兜勒»گە «胡乐» ئىزاھ بەرگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ «چوڭ نەغمە» مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ. خەنزۇچىدا يېڭى بىر ئۇقۇمنى قوبۇل قىلغاندا ئالدى بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىشلىتىپ، ئاندىن مەنە تەرجىمىسى قوللىنىلىش ھادىسىسى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرىدىمۇ «maha» سۆزىنى «ئۇلۇغ» سۆزى بىلەن ئىپادىلەش ئادىتى بار. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا ۋەسىقىلىرىدە «mahayana» «ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ» دەپ ئېلىنغان⑱. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا بىز يە-

نىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ «قومۇل مۇقامى»دىكى «ئۇلۇغ دۇر»نى«mahadur» بىلەن باغلاپ قىياس قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشەلەيمىز. بۇنىڭدىن سىرت يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولدىكى، بۇددا ئەسىرى «佛说义足经» نىڭ «兜勒梵志经» ناملىق جىلدىدە «دۇر» ئاتلىق بىرىنىڭ يات دىندىن بۇدداغا كىرىپ، ساكيامۇنىغا بەيئەت قىلغانلىقى ۋە ئاخىرىدا «ماھادۇر» («ئۇلۇغ دۇر»)غا ئايلانغانلىقى ھېكايە قىلىنىپ ناخشىلاردا مەدھىيىلەنگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. دېمەك، «ماھادۇر» سۆزىنىڭ باشقىلار دەپ ئۆتكەندەك پۈتۈنلەي ئۇيدۇرما بولۇشى ناتايىن. مۇبادا مەزكۇر بۇددا دەستۇرىدا ئېيتىلغان ھېكايە راست بولسا «ماھادۇر»نىڭ ئەينى دەۋردىكى بۇددا دىني مۇزىكىسى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى دېگەن سۆز.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ماقالە ۋە ئەسەرلەردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ماقالىلەر مەخسۇس «ئېۋىرغول نەغمىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «غەربىي يۇرت نەغمىلىرى» بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقامى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولۇپ، بۇ جايدا بىز پەقەت خۇلاسە خاراكتېرىدىكى كۆز قاراشلارنى تىلغا ئالىمىز. بۇ تۈردىكى ماقالىلەردىن مەلۇمكى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئالىملار ««ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تارىخىي مەنبەسىنى ‹كۇسەن نەغمىسى›، ‹ئېۋىرغول نەغمىسى› قاتارلىق چوڭ نەغمىلەردىن باشلاپ سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ». ««ئون ئىككى مۇقام» بىلەن تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى چوڭ نەغمىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇزىكىنىڭ ئوپچە چېلىنىشى، ناخشا ئېيتىلىش، ئۇسسۇل ئويناشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرلىشىشىدە ئاساسەن ئوخشاش. بۇ خىل ئوخشاشلىق ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىچ تارىخىي مۇناسىۋەتنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»[19]. ««مۇقام» قەدىمكى كۇسەن ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇيغۇر ‹مۇقام›ى بىلەن ‹كۇسەن نەغمىسى› نىڭ قانداشلىقى بار. ‹كۇسەن نەغمىسى› ‹مۇقام›نىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن»[20] دەپ قارايدۇ. بىز بۇلاردىن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئەنئەنە ئاساسىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تەتقىقات جەريانىدىن قارىغاندا، «قومۇل مۇقامى»غا بولغان تەتقىقات يىغىش، رەتلەش، مۇزىكا فورماتسىيىسىگە بولغان تەسۋىر، تارىخىي مەنبە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئانالىز قىلىشنى ئاساس قىلغان تۇرغۇن تەتقىقاتتۇر. بۇ مېتود جەھەتتىن ئارخىپ خاراكتېردىكى، سېلىشتۇرما ۋە تېكستولوگىيىلىك تەتقىقاتتۇر. «قومۇل مۇقامى» تەتقىقاتىدا ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر بىزنىڭ «قومۇل مۇقامى»غا بولغان تونۇشىمىزنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، بىزنىڭ تېخىمۇ ئەقلىي ۋە ئىلمىي يوسۇندا «قومۇل مۇقامى»نىڭ ماھىيىتىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تىرىشىپ قېزىشى ۋە قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق «قومۇل مۇقامى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى يوقىلىش خەۋپىدىن ساقلىنىپ قالدى.

ئىككىنچىدىن، مىللىي مۇزىكا سەنئىتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكا ئالاھىدىلىكى، فورماتسىيىلىك قۇرۇلمىسى قاتارلىق تەرەپلەردىن قىلىنغان تەسۋىرىي تەتقىقات ۋە ئانالىز تەتقىقاتى كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

ئۈچىنچىدىن، تەتقىقات مېتودىدا يېڭى بۆسۈش بولۇپ، سېلىشتۇرما تەتقىقات تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

تۆتىنچىدىن، تارىخشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، ئەل ئىچى ئەدەبىياتشۇناسلىقى قاتارلىق پەنلەرنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئاساسىدا ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ۋە قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكا سەنئىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسىگە بولغان تەتقىقات كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بەشىنچىدىن، مۇزىكىشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن تەتقىقات جۇغلانمىسى باشقا پەنلەرنىڭ نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى.

بىز بۇ نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكىدەك يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز:

بىرىنچىدىن، تەتقىقاتنىڭ پەن نۇقتىسى تاق. يەنى كۆپ خىل پەنلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى كەمچىل.

ئىككىنچىدىن، تەتقىقات مېتودىدا تۇرغۇن ھالەتنىكى

تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقات ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، ئۇستەلدىكى تەھلىلنىڭ سالمىقى ئېغىر.

ئۈچىنچىدىن، تەتقىقات داۋامىدا گەرچە مۇقامنىڭ تىرىك بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكى تەكىتلىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك يەشمە بايان تېخى قانات يايمىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، «قومۇل مۇقامى» مۇقام تەتقىقاتىدا ئىزچىل تۆردە چەتلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى. گەرچە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۇ نۇقتىدا ئازدۇر - كۆپتۇر توختالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پارچە - پۇرات ھالەتتە بولۇپ، بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات يوق دېيەرلىك. بۇنىڭغا ئېھتىمال «قومۇل مۇقامى»نىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كىچىك، ئەتراپتىكى رايونلارغا بولغان تەسىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس دەپ قارالغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا قومۇلغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ساھەلەرمۇ، مەسىلەن، تارىخ، ئەل ئىچى مەدەنىيتى قاتارلىقلار، تەتقىق قىلىنىش مەسىلىسىدە ئاساسەن «قومۇل مۇقامى» بىلەن ئوخشاش ئەھۋالدا تۇرماقتا. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ «قومۇل مۇقامى»غا بولغان تەتقىقاتىمىزغا بەلگىلىك قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 - بېتىگە قارالسۇن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 24 - بېتىگە قارالسۇن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 74- بېتىگە قارالسۇن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 63 - بېتىگە قارالسۇن.

بىز قومۇلدا تەكشۈرۈش قىلغاندا نۇرغۇن يەرلىك مۇقامچىلارنىڭمۇ مۇشۇ خىل قاراشنى ياقلايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. ئېھتىمال گۇۋەن يېۋېي ئەپەندىنىڭ بۇ قارىشىمۇ قومۇلدىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا يەرلىك مۇقامچىلارنىڭ بايانلىرىدىن ئېرىشلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى 4 - ئاي، 276 - بەت، ئۇيغۇرچە.

مەملىكەتلىك سەنئەت پەنلىرى بويىچە 9 - يىللىق بەش يىللىق پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى: «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 11 - ئاي، 1 - نەشرى، 3 - بەت، خەنزۇچە.

مەملىكەتلىك سەنئەت پەنلىرى بويىچە 9 - يىللىق بەش يىللىق پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى: «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 11 - ئاي، 1 - نەشرى، 5 - بەت، خەنزۇچە.

مەملىكەتلىك سەنئەت پەنلىرى بويىچە 9 - يىللىق بەش يىللىق پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى: «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 11- ئاي، 1 - نەشرى، 70 - بەت، خەنزۇچە.

مەملىكەتلىك سەنئەت پەنلىرى بويىچە 9 - يىللىق بەش يىللىق پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى: «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 11 - ئاي، 1 - نەشرى، 83 - بەت، خەنزۇچە.

جوجى: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىل 6 - ئاي 1 - باسمىسى، 120 - بەت، خەنزۇچە.

جوجى: «مۇقام»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 1 - ئاي 1 - باسمىسى، 50 - بەت، خەنزۇچە.

خۇسۇيۈن كېرىم: «دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە دولان مۇقامىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2006 - يىللىق 1 - سان، ئۇيغۇرچە.

سېن جۇڭمىيەن: «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تارىخىي يەر - جاي ناملىرىغا تەھقىق»، 1 - قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى، 2004 - يىل 4 - ئاي، 290 - بەت، خەنزۇچە.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›»، تۇرسۇن ئايۇپ، مەترېھىم سايىت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 8 - ئاي، 2 - بەت، ئۇيغۇرچە.

گۇباۋ: «كۇسەن مۇزىكىسى ۋە ‹ئون ئىككى مۇقام›»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى»، 1981 - يىللىق 13 - سان.

جۇجىڭباۋ: «كۇسەن مۇزىكىسى ۋە ‹مۇقام›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 - يىللىق 3 - سان.



گۇننار ياررىڭ

# 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي يىپەك يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بىر شۋېتسىيىلىك خانىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى

بۇ يىل ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، سەنئىتى، مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى بىلگە، خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئەرباب دوكتور ئېمبل ئېبسىن خانىمنىڭ قۇتلۇق خاتىرە يىلى. ئۇ بىزنىڭ بۇ پايانسىز زېمىننى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىلىرى تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى. مەن ئېمبل ئېبسىن خانىمنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ بۇ سىرلىق زېمىندىكى ئېچىلمىغان سىرلار توغرىسىدا بىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمەن.

شۋېتسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە①. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى 1709 - يىلىدىكى چار پادىشاھ پېترنىڭ پادىشاھ چارلىز XII (ئوسمان تۈركلىرى ئۇنى تۆمۈر باش شارل دەپ ئاتايدۇ) نى مەغلۇپ قىلغان پولتاۋا ئۇرۇشى بىلەن باشلانغان دېسەك بولىدۇ. شۇ چاغدا شۋېتسىيە ئوفىتسېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 مىڭ كىشى يىراق سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان، بۇ كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى توبولىسكىدا بۇخارالىق تۈركلەر، سىبىرىيە، ئوتتۇرا ئاسىيالىق تاتارلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان.

مەن شۋېتسىيىلىك بىر خانىم توغرىسىدىكى بۇ يازمىنى ھۆرمەتلىك دوكتور ئېمبل ئېبسىن خانىمنىڭ شەرىپىگە بېغىشلايمەن. بۇ شۋېتسىيىلىك خانىم سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى يىپەك يولىغا جايلاشقان ياركەنتتىكى سۈرگۈنلۈك ھاياتىدا مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارغىمۇ يولۇققان.

جون ف. بادلېي ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو»② ناملىق كىتابىدا ئەنگلىيىلىك ۋىگور③ خانىمنىڭ بىر پارچە خېتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ (بۇ خەت 1735 - يىلى پېتربۇرگتا يېزىلغان بولۇپ، 1734 - يىلى يېزىلغان دېيىلگىنى خاتا بولۇشى مۇمكىن):

«مەن تاتارلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ھەمدە ئۇلار بىلەن 18 يىل بىللە ياشاپ، ئەمدىلا شۋېتسىيىگە قايتىپ كەلگەن بىر شۋېتسىيىلىك ئايال بىلەن بىرنەچچە كۈن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن كە-

چۈرمىشلىرى تۆۋەندىكىچە: ئۇ ئەسلىدە شۋېتسىيىلىك بىر كاپىتاننىڭ ئايالى بولۇپ، ئېرى بىلەن بىللە رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، باشقا بىر قانچە كىشىلەر بىلەن بىللە سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇلار يولدا بىر توپ قالماقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ياساۋۇللارغا قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلغان، ئۇرۇشتا ئۇنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن، تىرىك قالغان كىشىلەر تۇتقۇنغا ئايلانغان. غەلىبە قىلغان تەرەپ ئولجىلارنى ۋە تۇتقۇنلارنى بۆلۈشۈۋالغان؛ بۇ ئايال بىلەن قالماق تىلىدا سۆزلىشەلەيدىغان بىر رۇس ئىككى تاتارغا تەقسىم قىلىنغان؛ بۇ تاتارلارنىڭ بىرى بۇ ئايالنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، بۇ ئايال بىلەن بىللە بولماقچى بولغان ھەمدە رۇسىيىلىكنى ئارىغا تىلماچلىققا قويغان؛ سىلىق گەپ بىلەن ئىش پۈتمىگەندىن كېيىن، بۇ تاتار زورلۇق قىلماقچى بولغاندا، بۇ ئايال ئۇ تاتارنى چىشلەپ يارىلاندۇرغان؛ ئۇ، بۇ ئايالنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغاندا، ھەمراھى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان؛ ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەرلىك خاقاننىڭ چېدىرىغا يېتىپ بارغان. ھېلىقى تاتار چېدىردىكىلەرگە سەپەردىشىنىڭ تۇتقۇن ئايال بىلەن بولغان قىزىقارلىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. خان بۇ ئايالنى چېدىرغا چاقىرتقان. رۇسىيىلىكنىڭ تىلماچلىقىدا بۇ ئايالدىن نېمىشقا بۇ كىشىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى سورىغان ۋە بۇ ئايالنىڭ ئەركىن مۇھەببەت توغرىسىدىكى گۈزەل، تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ھەمدە ئۇ ئايالغا: ئەگەر ئۇ سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارنىڭ ئادىتى بولسا، بۇ يەردە ھېچكىم سېنى مەجبۇرلىيالمايدۇ ۋە بوزەك قىلالمايدۇ، دەپ ئۇنى بىر خانىشىغا بېرىۋەتكەن (بۇ خاقاننىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن). خانىش بۇ ئايالدىن نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئايال ھەميانىنى كۆرسىتىپ، يىڭنە ئىشى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خانىش ناھايىتى سۆيۈنۈپ، بۇ ئايالنى ئۆزىنىڭ يىڭنە ئىشلىرىغا سېلىشقا ئېلىپ قالغان ۋە ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇپ، بۇ ئايالغا تۆرلۈك گۆشلەرنى بەرگەن. ئۇلار ئۆزلىرى گۆشنى خام يېگەچكە، بۇ ئايالنىڭ گۆش پىشۇرۇشنى قىزىقسىنىپ كۆرۈشكەن. بۇ ئايالنىڭ بەختىگە يارىشا ئۆز مىللىتىدىن بولغان بىر كىشى بۇ جايغا سۈرگۈن بولۇپ كېلىپ قالغان؛ بۇ كىشى تاتارلارغا جانغا ئەسقاتىدىغان بىر قانچە ھۈنەرلەرنى ئۆگىتىپ قويغان ھەمدە چىنلىقلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا زەمبىرەك ئولجا ئالغان. ئۇ، بۇ تۆھپىسى بەدىلىگە ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭ تەلىپى، بۇ شۋېت ئايالنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شۇ يەردە توي قىلىپ شۋېتسىيىگە قايتىشقا تەييارلانغان...»④.

بۇ ئايالنىڭ ئىسمى برىگىتتا رىنات شېرزېنفېلدت بولۇپ، شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى سكونە ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى تۇنجى قېتىم ئەمەس. ۋىلىيام رۇبرۇك⑤لورىنىنىڭ مەتىز دېگەن يېرىدىن كەلگەن بىر ئايالنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەن، 1254 ـ يىلى راكۇت دېگەن كىشى بۇ ئايالنى قارا قورۇمدا ئۇچراتقان. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە ھازىر ئۆزىنىڭ موڭغۇللار ئارىسىدا بازارلىق كەسىپ دەپ قارىلىدىغان ئۆي سېلىش ھۈنىرى بار ئۇكرائىنىيىلىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. روكخىل بۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇنىڭدىنمۇ بالدۇرراق موڭغۇللارغا تۇتۇلۇپ، ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن پىلانو كارپىن (1200 ـ 52) دېگەن كىشىنى تىلغا ئالغان.

برىگىتتا شىرزېنفېلدت ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلارغا يولۇققان⑥. ئۇ 1684 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلۇپ، 1699 ـ يىلى 15 يېشىدا شۋېتسىيىلىك ۋاكالەتسىز ئوفىتسېر ماتىس بېرنوۋ بىلەن توي قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا چارلىز XII نىڭ ئۆز پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۇرۇشى ــ بۈيۈك شىمال ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، شۋېتسىيە خانلىقىغا تەۋە لاتۋىيىنىڭ رىگا دېگەن جايىغا كۆچۈپ بارغان. برىگىتتا شۇ جايدا ئېرىنىڭ 1703 ـ يىلى توروندىكى جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ برىگىتتا يەنە بىر شۋېتسىيىلىك ئوفىتسېر جوناس لىندستروم بىلەن توي قىلغان. برىگىتتا پولشا ۋە رۇسىيىدىكى خانلىق ئۇرۇشلىرىدا ئېرىغا ھەمراھ بولۇپ بىللە يۈرگەن. ئېرى 1709 ـ يىلدىكى پولتاۋادىكى جەڭگە قاتناشقاندا باشقا شۋېتسىيىلىكلەر بىلەن بىللە تۇتقۇن بولۇپ موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلگەن، برىگىتتامۇ ئېرى بىلەن بىللە موسكۋاغا كەلگەن. ئېرى لىندستروم 1711 ـ يىلى موسكۋادا ئۆلۈپ كەتكەن. برىگىتتا يەنە تۇل بولۇپ قالغان. بىر يىل ئۆتكەندە ئۇرۇش تۇتقۇنى لېيتېنانت مىخائىل سىمىس بىلەن توي قىلغان. ئەر ـ ئايال ئىككىسى شۋېتسىيىلىك ئۇرۇش تۇتقۇنلىرى ئەڭ كۆپ توپلانغان جاي غەربىي سىبىرىيىدىكى توبولسكىغا ئاپىرىۋېتىلگەن.

1714 ـ يىلى چار پادىشاھ پېتىر سىبىرىيىنىڭ ھۆكۈمرانى شاھزادە گاگارىننىڭ پىلانىغا ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭغارىيە ۋە ئۇيغۇرلار ئېلىنى رۇسىيىگە قوشۇۋېلىش غەرىزىدە بولغان⑦. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ زېمىنلاردا «ئالتۇن»نىڭ بايقالغانلىقىدىندۇر. ھەربىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى پولكوۋنىك ج. بۇچخولتزنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللىنىپ، بىر قىسىم شۋېتسىيىلىك ئۇرۇش تۇتقۇنلىرى بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە قاتنىششقا تەكلىپ قىلىنغان. لېيتېنانت سىمىس بۇ ئەترەتنىڭ كاپىتانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1715 ـ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرى بۇچخولتز باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى توبولسكىدىن يولغا چىقىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قورغان قۇرماقچى بولغان جاي يامىشېۋوغا يېتىپ كەلگەن. برىگىنتامۇ ئېرىغا ئەگىشىپ بۇ جايغا كەلگەن. 1716 ـ يىلىنىڭ 2 ـ ئېيىدا بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قالماقلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بىتچىت قىلىنغان. ئېرى سىمىس جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن، برىگىنتا تۇتقۇن بولۇپ، قالماقلارنىڭ باش شتابى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن. برىگىنتا ئۆزىنىڭ قالماقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى ۋىگور خانىمغا ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن⑧. برىگىنتانىڭ دەپنە مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق گەرچە ئانچە دەبدەبىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىنى قايىل قىلىدۇ:

«برىگىنتا ئاسىيادىكى چارۋىچى ـ ياۋايىلارنىڭ رەھىمسىز مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىپ قالماستىن، يەنە ئۇزۇن مەزگىل زەنجىر، ئارغامچىلار بىلەن قاتتىق باغلاپ، پۇت ـ قوللىرىدا نۇرغۇن تارتۇقلارنى قالدۇرغان، بۇ تارتۇقلار ئۇ ئۆلۈپ كەتكىچە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇ قالماقلار زېمىنىدا تۇرغاندا، خۇددى قۇللاردەك تۇرلۇك ئازابلىق، تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئاچ ـ توق يۈرۈپ، مەدەنىي مىللەتلەر يوچۇن، يېگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان ئېرىنغدالمىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشتەك نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى تارتقان⑨.

دەپنە مۇراسىمىدىكى نۇتۇق برىگىنتانىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا سۆزلىنىۋاتاتتى:

قالماقلارنىڭ قانۇنىدا ئۇرۇش تۇتقۇنلىرى ئىچىدىن ئالاھىدىلىرى تاللىۋېلىنىپ (مېنىڭچە بۇ تۇتقۇنلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ يەردە ئۇ ئايال ياۋروپا ئىرقىدىن) تارتۇق سۈپىتىدە ھۆكۈمرانىغا تەقدىم قىلىناتتى. شاھزادە كويت ⑩ قولىغا چۈشكەن بۇ ئايالنى قالماق گېنېرالى دۇكار⑪غا بەرگەن. دۇكار بۇ كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئىرق تىپىنى ئۆزىنى «ئەڭ ئۇلۇغ، باتۇر شاھزادە» دەپ ئاتايدىغان قالماقلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئالىي ھۆكۈمرانىغا سوۋغا قىلغان. بۇنىڭ بىلەنلا برىگىنتانىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاخىرلاشقىنى يوق. قالماقلارنىڭ بۇ ئالىي ھۆكۈمرانى برىگىنتانى ئۆزىنىڭ چوڭ خانىشى بولغان خوشوت ⑫ مەلىكىسىگە تاپشۇرغان. بۇ خانىش تىبەت بارونتولا پادىشاھلىقىدىن كەلگەن سىنگىس خان ⑬ نىڭ قېرىندىشى ئىدى ⑭. بۇ ئىش برىگىنتانىڭ ياخشىراق كۈن كەچۈرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇنداقلا ئۇ«شۇ ۋاقىتقىچە يالىڭاچ تۇرغان بەدىنىنى ياپقىدەك كونا تېرىدىن تىكىلگەن ئىگىن»گە ئېرىشكەن. برىگىنتانىڭ يېڭى ئىشلىرى بولۇپمۇ ئىلمە ـ توقۇلمىچىلىق ۋە كىيىم تىكىش ھۈنىرى ئۇنى خانىشنىڭ يۇقىرى ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشتۈرگەن. برىگىنتا ئۆزىنىڭ كۆندىن كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ئىناۋىتى ۋە خانىشنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، خىرىستىئان تۇتقۇنلىرىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان. بۇ تۇتقۇنلارنىڭ بىرقانچىسى شۋېتسىيىلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى شۋېتسىيىنىڭ زەمبىرەكچى لېيتېنانتى جوھان گۇستاۋ رىنات بولۇپ، يامىشېۋودا تۇتقۇنغا ئايلانغان. ئۇ برىگىنتانىڭ يېڭى، شۇنداقلا ئاخىرقى ئېرى بولۇپ، برىگىنتانىڭ ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئۇلار تۇتقۇنلۇق مەزگىلىدە ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، بىللە ئۆتكەنلىكى مۇقەررەر، ئۇلار رەسمىي تويىنى 1734 ـ يىلى پېتىربۇرگتا شۋېتسىيىگە قايتىش يولىدا ئاندىن ئۆتكۈزەلىگەن. رىنات قالماقلارغا تۆرلۈك ياردەملەرنى بېرىپ، ئاستا ئاستا كۆزگە كۆرۈنۈپ، قالماقلار تەرىپىدىن ھەربىي مۇتەخەسسىس دېگەن ئاتاققا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

برىگىنتا ئۆزىنىڭ يېڭىنە ئىشى ۋە باشقا قول ھۈنەر ئىشلىرىدىكى پىششىق ماھارىتىگە تايىنىپ، ئايال خوجايىنىنىڭ ئامراقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. ھۆكۈمراننىڭ ئىككىنچى خانىشىدىن بولغان مەلىكە سىسون ئاتىسىغا ئېيتىپ، برىگىنتانى ئۆزىگە يېڭنە ئىشى ئۆگىتىشكە ماقۇل كەلتۈرگەن. كىچىك خانىش بولسا تورغۇت مەلىكىسى زېتېرسىئاپ بولۇپ، تورغۇت خان ئايۇكانىڭ⑮ قىزى ئىدى. مەلىكە سىسون ئاتىسىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بولۇپ، تەسىرى چوڭ ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە ئامراقلىقىدىن پايدىلىنىپ، چوڭ خانىشنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، برىگىنتانى ئۆزىنىڭ «كىچىك ئوردىسى»غا ئېلىپ كېلىۋالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرىگىتتا قالماق ئوردىسىدا يىگىدىن تېخى-
مۇ زور ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغان.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە سىسون ئايۇكا-
نىڭ نەۋرىسى، شۇ چاغدىكى تورغۇت ھۆكۈمرانى بىلەن
تويلاشماقچى بولغان، توي ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈل-
دىغان قىلىپ بېكىتىلگەن. بىرىگىتتا ياركەنت يەنى «كىچىك
بۇخارا»غا ئەۋەتىلىپ تويلۇقلارنى تەييارلاشقا بۇيرۇلغان.
بىرىگىتتا ياركەنتتە ئىككى يىل تۇرغان، لېكىن ئۇنىڭ بۇ
ئىككى يىلدا قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېنىق
ئەمەس، بىراق بىز ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، ياركەنت
ئەينى چاغدىكى ئۆزىنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، كەشتىسى
ھەمدە گىلىمى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭلىق
ئىدى. ياركەنتنىڭ نام ـ شۆھرىتى ئۆزىنىڭ بايلىقلىرى ۋە
قوشنىسى ھىندىستان ئارقىلىق تېخىمۇ ئاشقان بولۇشى
مۇمكىن، ياركەنت قارا قورۇم تاغلىرىدىكى كارۋان يولىنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بىرىگىتتا
شىرزېنفېلدت جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى ياركەنتكە تۇنجى
كەلگەن شۋېتسىيىلىك ئايال. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى
يۈز يىل كېيىن نۇرغۇن شۋېتسىيىلىك ئاياللار جەنۇبىي
يىپەك يولىدىكى بۇ زېمىنلارغا كېلىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان[16].

دەپنە مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق بىزنى بىرىگىت-
تانىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتلار
بىلەن تەمىنلىيەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زور قىيىنچىلىقلارنى
يېڭىپ، قۇللۇق ھاياتىدىن قۇتۇلۇپ شۋېتسىيىگە قايتىپ كەل-
گەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك. ئۇ ئۆ-
زىنىڭ ئاددىي ئىش ھەرىكىتى ئارقىلىق قالماق ئوردىسىدىكى
ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇنىڭ ئايال خوجايىنى
مەلىكە سىسون ئۇنىڭ بۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشىنى بىر قانچە
قېتىم قاتتىق ئۆتۈنگەن، بىرىگىتتا ئاخىر ماقۇل بولغان.
بىراق، ئۇلار ئارىسىدىكى دوستلۇق تراگېدىيىلىك ئاخىرلاش-
قان. 1726 ـ يىلى قالماق پادىشاھى سېۋان ئاراپتان[17]
ئۆلگەن. ئاراپتاننىڭ كىچىك خانىشى ۋە قىزى سىسون ئاراپ-
تاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلىنغان. غالدان سېرىن سېۋان ئاراپتاننىڭ ئورنىغا
چىققان[18]، بىرىگىتتا بىلەن ئېرى جوھان گۇستاۋ رېنات ئوخ-
شاشلا غالدان سېرىننىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشكەن. بىراق
ئۇلار 1733 ـ يىلىلا ئاندىن بۇ 17 يىل تۇرغان قالماقلار يۇرتى-
دىن ئايرىلىشقا يول قويۇلغان[19]. ئۇلار ئايرىلغاندا 18 شۋېت-
سىيىلىك ئۇرۇش تۇتقۇنى ۋە 104 روسىيىلىكنى بىللە ئېلىپ
ماڭغان. ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ قالماق ئوردىسى ۋە ھۆكۈمە-
رانى بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق دوستانە مۇناسىۋىتىدىن
كېيىن بۇ كىشىلەر ئەركىنلىككە ئېرىشكەن. ئۇلارغا ئەگىشىپ
يەنە يىگىرمە «خوتەنلىك ياللانما» بىللە ماڭغان بولۇپ،
ئۇلار شۋېتسىيىگە بارغاندا بىرىگىتتانىڭ مۇددىئاسى بويىچە
بولغاندا خىرىستىئان مۇرىتلىرىغا ئايلاندۇرۇلماقچى ئىدى[20]
. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت ئۈچ كىشىلا ستوكھولېمغا بارا-
لىغان. قالغانلىرى يولدا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى بولمىسا روسى-
يىلىكلەر تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان. 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بىرىد-
گىتتا ۋە ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بىللە ستوكھولېمغا يېتىپ بارغان
قىزلار ـ ئالتۇن، يامانقىز ۋە سارا ئىدى. ئۇلار شۋېتسىيىگە
يېتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چوقۇندۇرۇش مۇراسى-
مى«رەسمىي» ئۆتكۈزۈلۈپ، شۋېتچە ئىسىم قويۇلغان. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۇلار توغرىسىدا ھېچ قانداق ئۇچۇر بولمىغان.

بىرىگىتتا ھەققىدىكى سىرلىق، ئۇزۇن رىۋايىتىمىز تۈ-
گىدى. بىرىگىتتا ئىككى يىلدىن كېيىن ستوكھولېمدا ئالەم-
دىن ئۆتتى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا «ئۇ، بۇ ئالەمدە 51
يىل توققۇز ئاي ياشىدى» دېيىلگەن.

---

ئېنگلىزچە ئېلىنغان كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر نامىلىرىنىڭ
ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى:

1. ئېمېل ئېسىن ـــ Emel Esin
2. جون ف. باددېلېي ـــ John F.Baddeley
3. ۋىگور ـــ Vigor
4. بىرىگىتتا رېنات شىرزېنفېلدت ـــ Brigitta Renat, née Scherzenfeldt
5. سكونە ـــ skane
6. ۋىليام رۇبرۇك ـــ William of Rubruck
7. لورىن ـــ Lorraine
8. مەتز ـــ Metz
9. راكۇت ـــ Raquette
10. روكخىل ـــ Rockhill
11. پىلانو كارپىن ـــ Pian de Carpine
12. ماتس بېرنوۋ ـــ Mats Bernow
13. تورن ـــ Thorn
14. جۇناس لىندستروم ـــ Jonas Lindström
15. مىخائىل سىمىس ـــ Michael Sims
16. گاگارىن ـــ Gagarin
17. ج. بۇچخولتز ـــ J.Buchholtz
18. يامشېۋو ـــ Yamishevo
19. كويت ـــ Coyt
20. دۇكار ـــ Dukar
21. خوشوت ـــ Koshut
22. سىنگىس خان ـــ Singis Khan
23. جوھان گۇستاۋ رېنات ـــ Johan Gustav Renat
24. زېتېرسىئاپ ـــ Zetersiap
25. سېۋان ئاراپتان ـــ Tsavang Raptan
26. غالدان سېرىن ـــ Galdan Tsering

**ئىزاھلار:**

① V. my paper "Swedish Relations with Central Asia and Swedish Central Asian Research." (Asian Affairs. 61. London 1974).

② Russia, Mongolia, China Being some Record of the Relations between them from the beginning of the XVIIth Century to the Death of the Tsar Alexei Mikhailovich...Vol. 1-2. London 1919, Vol. 1, p. CLXXXV.

③ Letters from a lady who resided in Russia to her friend in England, with historical notes. The second edition. London 1777. (Repring 1970 by Arno Press, New York); German edition "Briefe über Russland..." Leipzig 1775; French edition "Lettres d'une dame anglaise..." Rotterdam 1776).

④ Baddeley has excluded the last sentence in Mrs Vigor's letter. It runs "as you love novelty, what should you think of visiting this Kan, who appears to me a fine fellow? I leave you to consider of it."

⑤ The journey of William of Rubruck to the Eastern Parts of the World 1253-55 as Narrated by Himself, with two Accounts of the Earlier Journey of John of Pian de Carpine. Translated from the Latin, and Edited with and Introductory Notice by W.W. Rockhill. London 1900. (Works issued by the Haklyut Society. Second Series No. IV, pp. 176-177).

⑥ The biography of Brigitta Scherzenfeldt is contained in an unpublished funeral oration which is kept in the archives of the Royal Academy of Literature, History and Antiquities in Stockholm, It has been partly used by Sigrid Leijonhufvud in an article "Tva kvinnoöden fran Karolinska tiden. (Nordisk tidskrift för Vetenskap, konst och Industri utgifven af Letterstedtska Föreningen. 1907, pp. 45-55, 98-99) and by Henning Haslund in his "Men and Gods in Mongolia (Zayagan)" New York 1935, pp. 168-174.

⑦ Mancall, M., Russia and China. Their Diplomatic Relations to 1728. Cambridge 1971, pass.

⑧ Cf. Baddeley, op. cit. Vol. 1, p. CLXXXV.

⑨ Quoted from Haslund's translation, op. cit. p. 170.

⑩ According to Pelliot, Notes critiques d'histoire Kalmouke (Pelliot, p.Oeuvres posthumes. 6. Paris 1960) p. 161 *Khoit* is an Oirat tribe.

⑪ Probably the same as Dugar, pelliot, op.cit., p. 137.

⑫ Pelliot, op. cit., p. 163 *Khošot* an Oirat tribe.

⑬ Probably "descendant" of Tchingis-Khan.

⑭ Baddely, op. cit. Vol. 2, p. 143 Borontola (Barantola) is a Mongol name for Tibet.

⑮ *Ayuki* with Pelliot, op. cit., p. 112.

⑯ Pelliot, op. cit., P. 126 Căvang-Arabtan.


⑰ Pelliot, op. cit., p. 141 sq. Galdan-Căring.

⑱ Sometime earlier according to the funeral oration Renat had convinced Tsavang Raptan of the necessity of organizing an embassy to Sweden under Renat's leadership and including-as a gesture of friendship and goodwill-all the Swedes who were prisoners of the Kalmucks. Tsavang Raptan had agreed, but the plan was never carried out because the Kalmucks got involved in a war with the "Cossacks" (no doubt Kazaks), through which country the embassy would have had to pass. These plans are confirmed in a letter from Th. S. Bayer to G.A.Francke, dated 23. 1. 1736 (cf. Eduard Winter, Halle als Ausgangspunkt der deutschen Russlandkunde im 18. Jahrhundert. Berlin 1953, pp. 391-393), in which he states that the Kalmuck ruler had wanted to send Renat to Sweden via India (probably for fear of the Russians).

⑲ In the Swedish manuscript "*Cottonske Esclawar*", which elsewhere (Leijonhufvud, op. cit. p. 55) has been understood as "slaves from Khotan".

ئىنگلىزچىدىن بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇلا

(سىرىق ئۇيغۇر ئەپسانىسى)

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، ئۆز يۇرتىدا كۈن ئېلىشقا
ئىلاجسىز قالغان سېرىق ئۇيغۇرلار پاناھلانغۇدەك بىر
جاي ئىزدەش مەقسىتىدە قوي، كالا، تۆگىلىرىنى ھەيدىگىنى-
چە نۇرغۇن دەشت - باياۋانلاردىن ئۆتۈپ ئاخىر مىڭبىر
مۇشەققەتتە گۈزەل يايلاقلار بىلەن ئورالغان تەڭرىداۋانغا
كېلىپ توختاپتۇ. «يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى
قاناپتۇ» دېگەندەك سەرگەردانلىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە
تارتقان خەلقنىڭ خۇشال كۈنلىرى ئۇزاققا بارماپتۇ. سەۋە-
بى، شۇ ئەتراپتىكى غاردا ياشايدىغان زەھەرخەندە سۇ ئال-
ۋاستىسى ھەمىشە يايلاققا قېلىن قار ياغدۇرۇپ كىشىلەرنى
خاتىرجەم كۈن ئالغىلى قويماپتۇ. ھەر قېتىم كىشىلەر
غاردىن ئاق تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا «قار
ئالۋاستىسى ئاچچىقلاندى» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ يەنە
كېلىپ پاراكەندە قىلىشىدىن ۋەھىم يەيدىكەن. بۇ ياۋۇز قار
ئالۋاستىسى ھەر بىر كېلىشىدە بىرەر ئايغىچە يايلاقنى قېلىن
قار ئاستىدا قالدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەمدى ئەي بولاي
دەۋاتقان قوزىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەن.

قار ئالۋاستىسىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن يۈرەكلىرى
سۇ بولغان خەلقنىڭ، ئۇنىڭغا ئاتاپ كۆيدۈرگەن كۈجلە-
رى، باش ئۇرۇپ يېلىنىشلىرى ئۇنىڭ تاش يۈرىكىنى ئې-
رىتەلمەپتۇ. قار ئالۋاستىسى ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇ پاراكەن-
دىچىلىكلەرنى كۆرگەن مۇلا (كىچىك بالا مەنىسىدە)
بىر كۈنى بوۋىسىدىن:

— بوۋا، قار ئالۋاستىسى نېمىشقا بۇنچىلىك ياۋۇز، كى-
شىلەر نېمىشقا ئۇنى يوقاتمايدۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— بالام، قار ئالۋاستىسىنىڭ كۈچى زور، ھېچكىمۇ
ئۇنىڭغا چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ، — دەپتۇ بوۋىسى.

— ئەجەبا پۈتكۈل كائىناتتا قار ئالۋاستىسىنى بوي-
سۇندۇرغىدەك بىرەرسىمۇ يوقمۇ؟

— پەقەت كۈن تەڭرىلا ئۇنى بويسۇندۇرالايدۇ.
لېكىن كۈن تەڭرىنىڭ ئۆيى شەرقىي دېڭىزدا. يول يىراق،
تاغ - داۋانلاردىن ئۆتمەك قىيىن بولغاچقا ھېچكىمۇ
ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سېھىرلىك ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كې-
لىشكە پېتىنالمايدۇ، — دەپتۇ.

بوۋىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇلا سەپەر ھەرقانچە
مۈشكۈل بولسىمۇ، ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كېلىشكە بەل باغ-

لاپتۇ. مۇلانىڭ كۆڭ تەڭرىنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان يۇرتداشلار ئۇنى ئۇزاتقىلى كەپتۇ.

مەغرىپتىكى بىر چارۋىچى بوۋاي مۇلاغا كۆڭگە ئۇچ ئون مىڭ چاقىرىم باسالايدىغان تۇلپار، مەشرىقتىكى بىر موماي سۇ ئۆتمەس كىيىم، جەنۇبىي تاغدىكى بىر ئوۋچى يىگىت مۇلاغا ئاتسىلا زايە كەتمەيدىغان يا ئوقى، شىمالىي تاغدىكى بىر پادىچى قىز ئۇنىڭغا سېھىرلىك قامچا يوللۇق تۇتۇپتۇ.

مۇلا كىيىمنى كىيىپتۇ، ئوقيانى مۈرىسىگە ئارتىپتۇ. تۇلپارىغا مىنىپ قامچىسىنى ئويناتقىنىچە كۆڭ تەڭرىنىڭ ماكانى بولغان يىراق شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇلار نۇرغۇن دەشت - باياۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن تۇساتتىن چوققىسى بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئاسمانغا تاقاشقان بەھەيۋەت بىر تاغقا دۇچ كەپتۇ. تۇلپارنىڭ ئۇچۇپ ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپتۇ. مۇلا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا بىر سوپتورغاي ئۇچۇپ كېلىپ: «مۇلا ئاكا، تۇلپارىڭ تاغدىن ئاشالايدۇ، نېمىشقا قامچاڭنى ئىشلەتمەيسەن؟» دەپ سايراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇلا قامچىسىنى شۇنداق بىر شىلتىغان ئىكەن، قامچا ئاسمانغىچە ئۇزىراپ چاقماق چاققان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇلا ئۆزىنى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆرۈپتۇ.

ئۇلار داۋاملىق شەرققە قاراپ مېڭىپ يەنە بىر قويۇق ئورمانلىققا دۇچ كەپتۇ. بۇ «قارا يولۋاس ئورمىنى»دا بىر يولۋاس سۈرەتلىك جىن ياشايدىكەن. «يولۋاس» مۇلانى كۆرۈپ ھۆركىرىگەن پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ھودۇققان تۇلپار كەينىگە بۇرۇلۇپ چېپىپتۇ. «يولۋاس» يېتىشۋالاي دېگەندە ھېلىقى سوپتورغاي كېلىپ: «مۇلا ئاكا، يولۋاس باتۇرغا تېگەلمەيدۇ. نېمىشقا ئوقيارىڭنى ئىشلەتمەيسەن؟» دەپ سايراپتۇ. مۇلا ئوقنى كامانغا سېلىپ يولۋاسنى چەنلەپ بىر ئوق ئۈزۈپتىكەن، «يولۋاس» جېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

مۇلا يەنە داۋاملىق شەرققە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا ئاخىر مەنزىلگاھى — شەرقىي دېڭىزغا يېتىپ كەپتۇ. يىراقتىن ئاتەش نۇرلىرىنى چاچرىتىپ تۇرغان كۆڭ تەڭرىنىڭ ئوردىسىنى كۆرۈپ خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن كۆزلىرى نەمدىشىپتۇ. لېكىن ئەمدىكى گەپ، پايانسىز دېڭىزدىن قانداق ئۆتۈش دېگەن گەپكە كەپتۇ. مۇلا نېمە قىلارىنى بىلمەي خىيالغا پېتىپ ئولتۇرسا، يەنە ھېلىقى سوپتورغاي ئۇچۇپ كېلىپ: «مۇلا ئاكا، نېمىشقا سۇ ئۆتمەس كىيىمىڭنى ئىشلەتمەيسەن؟» دەپ سايراپتۇ. مۇلا قۇشنىڭ دېگىنى بويىچە سۇ ئۆتمەس كىيىمنى كىيىپ كۆڭ تەڭرىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپتۇ. ئوردا ئىشىكىنى باقىدىغان پەرىشتە ئۈزۈپ كېلىۋاتقان مۇلانى كۆرۈپ، قولىدىكى ئىلاھىي بۇركۈتنى قويۇۋېتىپتۇ. بۈركۈت مۇلانى ئېلىپ ئۇچماقچى بولغانىكەن، ئۇ ئوقنى كامانغا سېلىپ قۇشنى چەنلەپ ئوق ئېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن پەرىشتە دەرھال ئوردا ئىشىكىنى تاقىۋاپتۇ.

مۇلا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ چىقىپتۇ. تولا يالۋۇرۇپ ئاۋازىمۇ پۈتۈپتۇ. ئۇنىڭ روھىدىن تەسىرلەنگەن كۆڭ تەڭرىنىڭ ئاخىر مۇلانىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ.

مۇلا قىزىل يەكتەك كىيىپ، ئالتۇن تاج تاقاپ، ئالتۇن يەلپۈگۈچى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان كۆڭ تەڭرىنىڭ تاراتقان نۇرىنىڭ دەستىدىن كۆزلىرىنى ئاچالماي قاپتۇ. مۇلانى كۆرگەن كۆڭ تەڭرى ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— باتۇر يىگىت، مەن سېنىڭ كېلىش مەقسىتىڭنى چۈشەندىم. ساڭا ئىلاھى قاپاقنى بىرەي، لېكىن سەن قار ئالۋاستىسىنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەر. شۇ چاغدا مەن سېنى شاگىرت قىلىۋالاي، — دەپتۇ ھەم پەرىشتىگە قاپاقنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. مۇلا كۆڭ تەڭرىگە رەھمەتلەر ئېيتىپ، دەرۋازىنىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسا، مىنىپ كەلگەن تۇلپارىنىڭ مويلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، ئۇ ھەيرانلىقتا پەرىشتىدىن سورىغانىكەن پەرىشتە:

— بۇ يەردىكى بىر كۈن ئىنسانلار دۇنياسىدا بىر يىلغا باراۋەر. سەن بۇ يەرگە كەلگىلى تۆت كۈن بولدى، شۇڭا ئېتىڭمۇ قېرىپ كەتتى، — دەپتۇ.

پەرىشتىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مۇلا جىددىيلىشىپ، ئۇنى ئەپسۇننى تېزراق ئۆگىتىشكە ئالدىرىتىپتۇ. مۇلا ئەنگۈشتەر (ئىلاھىي قاپاق)نى قويۇۋېتىش ئۇسۇلىنى بىردەمدىلا ئۆگىنىۋاپتۇ. لېكىن، ئەنگۈشتەرنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۆگىنىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلغىلى نەچچە يىل بولغانلىقى، يۇرتداشلىرىنىڭ قانچىلىك ئاپەتلەرگە ئۇچرىغانلىقى ھەم دەرھال قايتىپ بېرىپ ئاپەتنى يوقاتمىسا بولمايدىغانلىقى كاللىسىغا كىرىۋاپتۇ. دىققىتى چېچىلىپ ئەنگۈشتەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئەپسۇننى چالا-پۇچۇقلا ئۆگىنىپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ.

مۇلا كەتكەندىن كېيىن يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ ئەن-

گۆشتەرنى ئېلىپ كېلىشنى كېچە ـ كۈندۈز زارىقىپ كۈتكەن بولسىمۇ، مۇلانىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگىنىنى كۆرۈپ، «بىچارە مۇلا، مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدىغان بولدىدە» دەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشىپتۇ. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ سەككىزىنچى يىلى قىشتا مۇلا ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئېتى ھېرىپ ئۆلۈپ قالغاچقا، ئۇ شۇنچە يوللارنى پىيادە بېسىپ قايتىپ كەلگەنىكەن.

مۇلا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى قار ئالۋاستىسى ئۆڭكۈرىدىن چىقىپ، ئاق تۇمانلارنى پۈركۈپ يەنە بىر قېتىملىق زور قار ياغدۇرۇپتۇ. مۇلا تەگرىداۋانغا چىقىپ، ئەپسۇنى ئوقۇپ ئەگگۆشتەرنى بىر قويۇۋەتكەنىكەن، ئىلاھىي قاپاق بىر ئوت شارىغا ئوخشاش ئالۋاستىنىڭ غارىغا ئۇچۇپ بېرىپ غايەت زور ئوت يالقۇنىنى ھاسىل قىپتۇ. شۇنچە يىللاردىن بېرى يۇرتتىكى كىشىلەرنى قاقشىتىپ كەلگەن قار ئالۋاستىسى ئاخىر ئۆڭكۈرىدە كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ.

قار ئالۋاستىسىمۇ ئۆلۈپتۇ، لېكىن ئۆڭكۈردىكى ئوت ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈپمۇ يەنىلا ئۆچمەپتۇ. مۇلا ئىلاھىي قاپاقنى قايتۇرۇپ كېلەي دېسە، قاپاقنى ياندۇرۇپ كېلىدىغان ئەپسۇننى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىكەن. مۇلا ئوتنىڭ يەنە كۆيۈۋەرسە، ئەتراپتىكى ئورمانلارغا تۇتۇشۇپ يۇرتداشلارغا تېخىمۇ چوڭ ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھېچنېمىگە قارىماستىن قاپاقنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئوتقا سەكرەپ چۈشۈپ بەدىنى بىلەن قاپاقنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋاپتۇ. ئوت ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپتۇ. لېكىن باتۇر مۇلا ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ قىپقىزىل تاش تاغقا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ تاش تاغنىڭ قىزىق تەپتى بىلەن ئەتراپتىكى قار ـ مۇزلار ئېرىپ، ياپلاقتىكى كىشىلەرگە باياشادلىق ئېلىپ كەپتۇ.

يۇرتداشلار يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاش تاغنى ھەر بىر كۆرگىنىدە، ياۋۇز قار ئالۋاستىسىنى بويسۇندۇرغان باتۇر ئەزىمەت مۇلانى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدىغان بوپتۇ.

(مەنبەسى: «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىل 2 ـ ئاي، خەنزۇچە 1 ـ نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى).

**نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى**

---

(بېشى 58 ـ بەتتە)

قالغان يېرىمىنى يەپتۇ. بۇنىڭغا قارالىڭ، بىردىن پادىشاھتا بالىغا نىسبەتەن بىر خىل مېھىر پەيدا بوپتۇ، بالىنى خۇددى بىر تۇغقان ئىنىسىدەك ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولارمىشۇ، ئەمما ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىماسمىش. ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر: «ۋەزىر قىلىپ ئالايمۇ ـ يە، شۇنداق قىلسام بەلكى پادىشاھلىقنى تالاشماس» دېگەن پىكىرگە كەپتۇ ـ دە، بالىنى ئۆلتۈرۈش پىكرىدىن قايتىپ، ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ ئېلىپتۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزى تۇغۇلغان كۈندە تۇغۇلغان بالىلارنى ئۆلتۈرۈش ئادىتىنىمۇ تاشلاپتۇ، پۈتۈن خەلق پادىشاھنى يامان ئادەتتىن ئۆزىنى تارتىشقا سەۋەبچى بولغان كىشى — دانا ناۋائىدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولۇپتۇ.

## ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل

بۇرۇنقى زاماندا غىياسىدىن كىچىك دېگەن كىشىنىڭ ئەلىشىر ئىسىملىك ئوغلى بولغان ئىكەن. ئەقىللىق، چېچەن بولۇپ ئۆسكەن بۇ بالا توققۇز ياشقا كىرگەندە شېئىرلار يېزىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر ئۇ يازغان شېئىرلارنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان بولۇشۇپتۇ، لېكىن بالا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆز نامىنى نېمە دەپ قويۇشنى بىلەلمەپتۇ.

بىر كۈنى ئەلىشىر يەنە بىر يېڭى شېئىرنى يېزىپ تۈگىتىپتۇ ـ دە، باغقا چىقىپ، شېئىرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغ باغدىكى تېرەكنىڭ شېخىغا ياماشقان ھەشقىپىچەكنىڭ غولىغا قونۇپ ئولتۇرغان بۇلبۇل ئەلىشىرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، ياش كۆيچىنىڭ گاھ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق، گاھ تاڭ شامىلىدەك مەيىن ئاۋازى بۇلبۇلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ. قۇش دەرھال ئەلىشىرنىڭ مۈرىسىگە قونۇپتۇ ـ دە:

— ئەي خۇش ئاۋاز شائىر، سەن ئوقۇغان شېئىرلار بۇلبۇللارنىڭ تاڭ سەھەردىكى ناۋاسىدىنمۇ يېقىملىق ئىكەن. نامىڭنى بىلسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن ئەلىشىرمەن، — دەپتۇ بالا.

— بىلدىم، بىلدىم! يېڭى چىققان شائىر ئىكەنسەن ـ دە. ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە چىرايلىق بىر نام تاللاپ، شېئىرلىرىڭنىڭ ئاخىرىغا شۇ نامىڭنى قوشۇپ يازغىن.

ئەلىشىرگە بۇلبۇلنىڭ بايىقى «ناۋا» دېگەن سۆزى يېقىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يازغان غەزەللىرىنىڭ تېگىگە «ناۋائى» دەپ يېزىپ قويىدىغان بوپتۇ.

# يېزا تۇرمۇشى












مەتتوختى بارات فوتوسى




# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:5.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 5.00 يۈەن
E-mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040